# جۇڭگو ئۇيغۇر

# تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات خەۋەرلىرى

## 4 - سان

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى تۈزگەن

بېيجىڭ · 2001




《纪念艾里希尔·纳瓦依诞辰560周年全国学术研讨会》
2001年11月27日在北京人民大会堂新疆厅举行




《研讨会》讨论会在新疆驻京办事处举行



我会领导在《研讨会》开幕式上



著名学者在《研讨会》的讨论会上

مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرۇپ بارات

مۇھەررىرلەر: تۇرسۇن ئايۇپ
ياڭ شىنتىڭ

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات خەۋەرلىرىنىڭ مۇندەرىجىسى


1. «سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى .................................. ( )

2. سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىزىنىڭ «سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى»دا سۆزلىگەن سۆزى ....................................................................................... ( )

3. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى تۇرۇپ باراتنىڭ «سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى»دا سۆزلىگەن سۆزى .................................. ( )

4. ئەلشىر ناۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى .................................. ( )

5. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى .................................. ( )

6. «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى ۋە كېڭەيتەيلى .................................. ( )

7. «جۇڭگو "تۈركىي تىللار دىۋانى" ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى»غا تاپشۇرۇلغان بىر قىسىم ئىلمىي ماقالىلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى .................................. ( )

8. ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تەتقىقاتچىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .................................. ( )

   1. مۇنەۋۋەر ھېبىبۇللانىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .................................. ( )
   2. ئەسئەت سۇلايماننىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .................................. ( )
   3. راھىلە داۋۇتنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .................................. ( )
   4. ئەنۋەر سەمەتنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى .................................. ( )

9. خېنەن ئۆلكىسى مىيەنچى ناھىيىسىدىكى ئۇيغۇرلار .................................. ( )

10. چەتئەللەر بىلەن مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش
1. لاڭ يىڭ تەكلىپكە بىنائەن ياپونىيىگە بېرىپ زىيارەتتە بولدى ......... ( )
2. مۇنەۋۋەر ھېبىبۇللا تەكلىپكە بىنائەن تۈركمەنىستان ئاشقئابات شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشتى........................ ( )
3. خانگۈل ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە قازاقىستان قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ زىيارەتتە بولدى ........................................................................ ( )
11. چەت ئەللەردىكى ئىلمىي پائالىيەتلەر ............................ ( )
12. جەمئىيەتىمىزگە يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەزالارنىڭ ئىسىملىكى ............ ( )
13. جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسىنىڭ 3-سانىغا كىرگۈزۈلگەن ماقالىلارنىڭ مۇندەرىجىسى (ئۇيغۇرچە) ................................... ( )
مۇقاۋىنىڭ 2-بېتىدە «سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى»غا دائىر رەسىملەر
مۇقاۋىنىڭ 3-بېتىدە: ئەلشىر ناۋائىي تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا دائىر رەسىملەردىن تاللانما

مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: يۈ شىن
جاڭ تاۋ

رەسىم تارتقۇچى: ئىمىن ئابلا

(ئىچكى ژورنال)

# «سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى» بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

2001-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى

سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى 2001-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىدا تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى. پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا شياڭگاڭ شىنخۇا گۇرۇھىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى سەي گۆەنشىن ئەپەندى، سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ ياردەمچىسى لى زۇڭبو ئەپەندى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ تەشەببۇسچىسى، پەخرىي باشلىقى سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىزى خانىم، دۆلەت كومىسسارى ئىسمائىل ئەھمەدنىڭ رەپىقىسى سەلىمە خانىم ۋە بېيجىڭدىكى ئاتاغلىق مۇتەخەسسىس-ئالىملار، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق باشلىقلىرى، باش كاتىپلىرى ۋە دائىمىي كېڭەش ئەزالىرى قاتناشتى.

پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىدا تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ باش كاتىپى تۇرۇپ بارات تەتقىقات جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ ئىئانە قىلغان پۇلىنى قوبۇل قىلدى. ئايىم ئەزىزى خانىم تەتقىقات جەمئىيىتىگە ۋاكالىتەن سەي گۆەنشىن ئەپەندىگە خاتىرە بويۇمى تەقدىم قىلدى ھەم سەيپىدىن ئەپەندىگە ۋاكالىتەن قىزغىنلىققا تولۇپ تاشقان سۆز قىلدى. تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ باش كاتىپى تۇرۇپ بارات تەتقىقات جەمئىيىتىمىزگە ۋاكالىتەن سۆز قىلدى ھەم سەي گۆەنشىن ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتتى. ئۇلار سۆزلىرىدە سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ بۇ قېتىمقى ھەققانىي ھەرىكىتىگە يۇقىرى باھا بەردى، تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىغا بىرلەشتۈرگەن ھالدا سەي گۆەنشىن ئەپەندى بىلەن بولغان دوستلۇق مۇناسىۋىتىنى ئەسلىدى ھەم سەي گۆەنشىن ئەپەندىنىڭ ئۈمىدىنى يەردە قويماي، مۇشۇ پۇل بىلەن ئىلمىي تەتقىقات قىممىتىگە ئىگە كىتابلارنى ياخشى چىقىرىدىغانلىقىنى، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ياخشى ئېچىشنى كاپالەتلەندۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

ئاخىردا سەي گۆەنشىن ئەپەندى قىسقا ۋە سەمىمىي سۆز قىلدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پۇل ئىئانە قىلىشتىكى مەقسىدىنى بىلدۈردى، ھەممە تەتقىقات جەمئىيىتى بىلەن بولغان دوستلۇقنى ئەسلىدى.

سەي گۇەنشېن ئەپەندى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ شىنخۇا گۇرۇھىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى، شياڭگاڭ سودا-سانائەت ساھەسىدىكى ئاتاقلىق كارخانىچى. ئۇ ۋەتەننى ناھايىتى قىزغىن سۆيىدۇ، جامائەت ئىشلىرىنىمۇ بىجانىدىل ئىشلەيدۇ، ئۇ 20 نەچچە يىلدىن بۇيان مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى نۇرغۇن جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش، مائارىپ مۇكاپات فوندى ياكى فوند جەمئىيىتى بەرپا قىلىش ئۈچۈن سېخىيلىق بىلەن پۇل ۋە مەبلەغ چىقىرىپ، دۆلىتىمىزنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ كۆپ يۈرەك قېنىنى سىڭدۈرۈپ ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ئاتا قىلىپ، گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى، پارتىيە ۋە دۆلەت رەھبەرلىرىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا مۇيەسسەر بولدى، ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىدە ماختىشىغا سازاۋەر بولدى.

سەي گۇەنشېن ئەپەندى جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ پەخرىي باشلىقى. ئۇ تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغاندىن تا ھازىرغىچە جەمئىيىتىمىزنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ۋە زورىيىشىغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. تەتقىقات جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلمىي مۇھاكىمە پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ ئوبدان قانات يايدۇرۇشىغا ۋە ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىغا ئالاقىدار كىتابلارنى نەشر قىلىشىغا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يار-يۆلەك بولۇش ۋە ياردەم بېرىش ئۈچۈن، ئۇ ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ 700 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بۇ قېتىم ئۇ يەنە 100 مىڭ يۈەننى مەخسۇس كىتاب چىقىرىش ئۈچۈن ئىئانە قىلدى. ئۇنىڭ بۇ ھەققانىي ھەرىكىتى تەتقىقات جەمئىيىتىمىز ئۈچۈن ئىقتىقاندا مەبلەغ جەھەتتىكى ياردەم، روھىي جەھەتتىكى ئىلھام بولدى. بىز ئىشىنىمىزكى، تەتقىقات جەمئىيىتىمىزدىكى يولداشلار چوقۇم تېخىمۇ تىرىشىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەيدۇ، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەت تەتقىقاتى ئۈچۈن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك مۇلازىمەت قىلىدۇ.

پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى قىزغىن خوشال-خورام ھالدا كۆڭۈلدىكىدەك تاماملاندى.

ياڭ شىنتىڭ ماقالىسى ۋە تەرجىمىسى

## سەيپىدىن ئەزىزىنىڭ رەپىقىسى ئايىم ئەزىزىنىڭ سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىدا سۆزلىگەن سۆزى

2001-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى

ھۆرمەتلىك سەي گۇەنشېن ئەپەندى، ھۆرمەتلىك مېھمانلار:

ئەپەندىم ئىككىمىز سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمىغا تەكلىپ قىلىنغانلىقىمىزدىن خۇشال بولدۇق. ئەپەندىم دوختۇرخانىدا بولۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن، مەن ئەپەندىمگە ۋاكالىتەن سەي گۇەنشېن ئەپەندىگە رەھمەت ئېيتىمەن. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۈگۈنكى يىغىلىشقا قاتناشقان بارلىق يولداشلاردىن ھال سورايمەن.

سەي گۇەنشېن ئەپەندى مەملىكەتلىك سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ ئەزاسى، شياڭگاڭ شىنخۇا گورۇھىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى، مەرىپەتپەرۋەر كارخانىچى، بىزنىڭ كونا دوستىمىز. ئەپەندىمنىڭ تەشەببۇسى ۋە يولداشلارنىڭ ھەمكارلىشىشى ئارقىلىق 1995-يىل 3-ئاينىڭ 12-كۈنى جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى بېيجىڭدا قۇرۇلغاندىن بۇيان، ئۇ سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ ئىزچىل ھالدا كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە قوللىشىغا ئېرىشىپ كەلدى. سەي گۇەنشېن ئەپەندى كۆپ يىللاردىن بۇيان ۋەتىنىمىزنىڭ ئىقتىسادىي گۈللىنىشىگە زور كۆچ قوشۇپلا قالماستىن، دۆلەت ۋە خەلقنى ئۇنتۇماي، پەن-مائارىپ ئارقىلىق ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشكە زور كۆچ قوشۇپ كەلدى. ئۇ كۆپ قېتىم ۋەتىنىمىزنىڭ پەن، مەدەنىيەت، مائارىپ ئىشلىرىغا پۇل ئىئانە قىلدى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارغا ئىقتىسادىي جەھەتتىن ياردەم بەردى. ئۇنىڭ يۇقىرىقىدەك ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ۋە ئېسىل پەزىلىتى ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى يولداشلارنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىگە ئىلھام بەردى.

يولداشلار، دوستلار، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى قۇرۇلغانلىقىغا ئالتە يىلدىن ئاشتى، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ۋە ھەر ساھەدىكى دوستلارنىڭ قوللىشى بىلەن بىز مىللىي مەدەنىيەتنى گۈللەندۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئۆز ئارا چۈشىنىشى ۋە ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە زور تۆھپە قوشتۇق. مەن ئىشىنىمەنكى، يېڭى ئەسىردە يولداشلارنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىلىق، سەي گۇەنشېن ئەپەندىدەك كارخانىچى ۋە ھەر ساھەدىكى زاتلارنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن جەمئىيىتىمىزنىڭ نىزامنامىسىنى تېخىمۇ ياخشى ئىجرا قىلىپ، خىزمەتلىرىمىزنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلەپ، ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدا يېڭى ۋەزىيەت يارىتىمىز.

ئاخىرىدا سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ خىزمىتىنىڭ تېخىمۇ ئۇتۇقلۇق بولۇشىنى، تېنىنىڭ ساغلام بولۇشىنى تىلەيمەن.

كۆپچىلىكنىڭ خىزمىتىنىڭ ئۇتۇقلۇق، ئائىلىلىرىنىڭ بەختلىك بولۇشىنى تىلەيمەن.

سەي گۇەنشېن ئەپەندىگە رەھمەت، كۆپچىلىككە رەھمەت.

# جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ باش كاتىپى تۇرۇپ باراتنىڭ «سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىگە پۇل ئىئانە قىلىش مۇراسىمى»دا سۆزلىگەن سۆزى

2001-يىل 6-ئاينىڭ 21-كۈنى

خانىملار، ئەپەندىلەر:

بۈگۈن شياڭگاڭ شىنخۇا گۇرۇھىنىڭ باش ۋاكالەتچىسى سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ جەمئىيىتىمىزگە 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلغانلىقىدىن بەك خۇشال بولدۇق. بۇ يەردە مەن جەمئىيىتىمىزگە ۋاكالىتەن سەي گۇەنشېن ئەپەندىگە چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن!

سەي گۇەنشېن ئەپەندى شياڭگاڭ سودا-سانائەت ساھەسىدىكى ئاتاقلىق كارخانىچى. ئۇ باشقۇرغان شىنخۇا گورۇھى دېڭىز مەسھۇلات يېمەك-ئىچمەكلىرى، ئۆي-زېمىن ۋە بىناكارلىق، ئاساسىي قۇرۇلۇش، پۇل-مالىيە، يۇقىرى-يېڭى پەن-تېخنىكا قاتارلىق ساھەلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دۆلەت ھالقىغان كۆپ مەنبەلىك سودا شىركىتى بولۇپ، تىجارەت دائىرىسى شياڭگاڭ، ئاۋمېن، ئىچكىرى ئۆلكىلەر، شۇنداقلا شىمالىي ئامېرىكا، ئاۋستىرالىيە، شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا قاتارلىق ئون نەچچە دۆلەت ۋە رايونلارغا تارقالغان. سەي گۇەنشېن ئەپەندى ۋەتەننى ناھايىتى قىزغىن سۆيىدۇ، جامائەت ئىشلىرىنىمۇ بىجاندىل ئىشلەيدۇ. ئۇ يىگىرمە نەچچە يىلدىن بۇيان، مەملىكەت ئىچىدىكى كۆپ جايلاردا مەكتەپ قۇرۇش، مائارىپ مۇكاپات فوندى، فوند جەمئىيىتى بەرپا قىلىش ۋە پۇل ئىئانە قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق دۆلىتىمىزنىڭ پەن-مائارىپ ئىشلىرىغا ئۆزىنىڭ چوڭقۇر مۇھەببىتىنى ۋە سانسىز يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ، گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى. ئۇنىڭ كىشىنى چوڭقۇر تەسىرلەندۈرىدىغان بۇ ئىش-ئىزلىرى پارتىيە، دۆلەت رەھبەرلىرى ۋە ئالاقىدار تارماقلارنىڭ يۇقىرى باھااسىغا سازاۋەر بولدى.

شۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە، سەي گۇەنشېن ئەپەندى جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە، شىنجاڭغا ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان ۋە ئۇنىڭغا ئىنتايىن قىزىقىدۇ. ئۇ ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىللەردىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 700 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلىپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ روناق

تېپىشى ۋە زورىيىشىغا زور تۆھپە قوشتى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ زور كۈچ بىلەن قىلغان ياردىمى بولمىغان بولسا، جەمئىيىتىمىزنىڭ جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىۋاتقان بۈگۈنكى كۈنى بولمىغان بولاتتى. سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ پۇل چىقىرىپ ياردەم بېرىشى بىلەن «جۇڭگو خەلق غەزەللىرى مەجمۇئەسى. شىنجاڭ تومى» ۋە «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات ئەسەرلەر تېمىلىرى ئەستىلىكى» نەشىر قىلىنىپ بولدى، «ئۇيغۇر ئومۇمىي تارىخى»مۇ ئاساسەن يېزىلىپ بولدى، يېقىندا مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشىر قىلىنماقچى.

سەي گۇەنشېن ئەپەندى جەمئىيىتىمىزنىڭ پەخرىي باشلىقى، شۇنداقلا بىزنىڭ كونا دوستىمىز. ئۇ جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىلمىي پائالىيەتلىرىنى قوللاش ۋە ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش ھەم كىتاب چىقىرىش ئۈچۈن بۇ قېتىم جەمئىيىتىمىزگە يەنە 100 مىڭ يۈەن خەلق پۇلى ئىئانە قىلدى. بىز سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ ئۈمىدىنى ھەرگىز يەردە قويماي، بۇ قىممەتلىك پۇلنى جايىغا ئىشلىتىپ، يىلدا بىر سان چىقىرىلىدىغان «ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» (ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە) نى ۋە يىلدا بىر سان چىقىرىلىدىغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» نى ياخشى چىقىرىمىز ۋە ئىككى يىلدا بىر قېتىم ئېچىلىدىغان «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» نى ئۇبدان ئاچىمىز. ھازىرغىچە بىز «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى مەجمۇئەسى» نىڭ خەنزۇچىسى-ئۇيغۇرچىسىدىن ئىككى سانىنى، «جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقاتى خەۋەرلىرى» دىن ئۈچ سانىنى تەھرىرلەپ نەشىر قىلدۇق، ئىككى قېتىم ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئاچتۇق، بۇلار ئۇبدان ئىجتىمائىي تەسىر قوزغىدى. «مەجمۇئە» نىڭ ئۈچىنچى سانى، «خەۋەرلەر» نىڭ تۆتىنچى سانى ھازىر تەھرىرلىنىۋاتىدۇ. كېيىنكى يېرىم يىلدا نەشىر قىلىنىدۇ. ئۈچىنچى قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى كېلەر يىل 8-ئاينىڭ ئاخىرلىرىدا شىنجاڭنىڭ مەشھۇر شەھىرى— تۇرپاندا ئېچىشنى دەسلەپكى قەدەمدە قارار قىلدۇق. سەي گۇەنشېن ئەپەندىنىڭ مۇھاكىمە يىغىنىمىزغا قەدەم تەشرىپ قىلىشىنى، يەنە بىر قېتىم شىنجاڭغا كېلىپ ئايلىنىپ كېتىشىنى قارشى ئالىمىز.

تەتقىقات جەمئىيىتىمىز قۇرۇلغىلى ئالتە يىل بولدى. ئالتە يىلدىن بۇيان يېتەكچى ئورۇن— جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق ئىشلىرى مىنىستىرلىكى، يۆلەك ئورۇن —جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن ئىبارەت ئورۇنلارنىڭ رەھبەرلىكى، قېرىنداش ئورۇنلارنىڭ غەمخورلۇقى ۋە ياردىمى ئاستىدا، جەمئىيەت باشلىقلىرى ۋە كاتىپلىرىنىڭ تىرىشىشى ئاستىدا، بىز بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىدۇق، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتۇق، ئۇبدان ۋە كەڭ ئىجتىمائىي تەسىر ھاسىل قىلدۇق. لېكىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۇزاق، پارلاق تارىخى ۋە مەدەنىيىتىنى قېزىش، رەتلەش، تەتقىق قىلىش قاتارلىق جەھەتلەردە قىلىشقا تېگىشلىك خىزمەتلەر تېخى ناھايىتى كۆپ، بۇنىڭ

ئۇچۇن كۆپچىلىكنىڭ تېخىمۇ تىرىشىپ ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ. بىز سەي گۈەنشېن ئەپەندىنىڭ داۋاملىق تۇردە خىزمىتىمىزگە كۆڭۈل بۆلۈشىنى، خىزمىتىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىنى، خىزمىتىمىزنى قوللىشىنى قىزغىن ئۈمىد قىلىمىز.

ئاخىرىدا سەي گۈەنشېن ئەپەندىنىڭ ھەققانىي ھەرىكىتىگە يەنە بىر قېتىم چىن قەلبىمدىن رەھمەت ئېيتىمەن.

كۆپچىلىككە رەھمەت.

ياڭ شىنتىڭ تەرجىمىسى

# ئەلشىر ناۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى بېيجىڭدا ئېچىلدى

ئۇلۇغ شائىر، مۇتەپەككۇر ئەلشىر ناۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش مەملىكەتلىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى 2001-يىل 12-ئاينىڭ 7-كۈنىدىن 9-كۈنىگىچە پايتەخت بېيجىڭدا ئېچىلدى. بۇ ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى جەمئىيىتى، ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى بىرلىشىپ ئاچتى.

12-ئاينىڭ 7-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى بېيجىڭ خەلق سارىيىنىڭ شىنجاڭ زالىدا تەنتەنىلىك ئېچىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ گۋاڭيىڭ، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مودىرى تۆمۈر داۋامەت، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يۇسۇپ ئەيسا، خەلقئارا ئاتاقلىق تۈركولوگ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى گېڭ شىمىن شۇنداقلا بېيجىڭ ۋە شىنجاڭدىكى ھەر ساھە مۇتەخەسسىسلىرى، ئالىملىرىدىن 200 دىن ئارتۇق كىشى ئېچىلىش مۇراسىمغا قاتناشتى. ئېچىلىش مۇراسىمغا شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى مودىرىيىتىنىڭ دائىمىي ئىشلارغا مەسئۇل مۇۋەققەت مودىرى مەھەممەت ئىسمايىل رىياسەتچىلىك قىلدى.

مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت

ئېچىلىش نۇتقى سۆزلىدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى مەتتىمىن زاكىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىك ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلىدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ۋاڭ گۇاڭيىڭمۇ قىسقىچە سۆز قىلدى. پروفېسسور گېڭ شىمىن چەت ئەللەردىكى ناۋائى تۇغۇلغانلىقىنىڭ 560 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيەتلىرىگە دائىر ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى، ھەمدە ئۇيغۇر تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە قارىتا ئومۇمىيۈزلۈك، سىستېمىلىق تەتقىق ئېلىپ بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى توغرىسىدا قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە ناۋائىنىڭ مىللەت تەۋەلىكى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئۆز قارىشىنى بايان قىلىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ سۆزى يىغىن ئىشتىراكچىلىرىنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقات ئورنىنىڭ تەتقىقاتچىسى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى لاڭ يىڭ خانىم، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئازات سۇلتانلارمۇ ئۆز ئورۇنلىرىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلدى.

12-ئاينىڭ 8-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى زالىدا دوكلات بېرىش يىغىنى ئۇيۇشتۇرۇلدى، يىغىندا ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 15 مۇتەخەسسىس ۋە ئالىم مول مەزمۇنلۇق سۆز قىلدى. ئۇلار سۆزلىرىدە ناۋائى ئەسەرلىرىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى، تىل ئالاھىدىلىكى، ئىستىتىكىلىق ۋاستىسى، بەدىئىي ئۇسلۇبى، ئىدىيىۋى مەزمۇنى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ باردى ۋە ئۇنى شەرھىلىدى. يىغىنغا شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى ئازات سۇلتان رىياسەتچىلىك قىلدى. چۈشتىن كېيىن، ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى. ئوتتۇرا ياش ۋە ياش ئالىملار بەلگىلەنگەن ئون مىنۇت ۋاقىت ئىچىدە تەرتىپ بويىچە، ئۆز ئىلمىي ماقالىلىرىنىڭ ئاساسىي مەزمۇنىنى بايان قىلىپ ئۆتتى.

12-ئاينىڭ 9-كۈنى چۈشتىن بۇرۇن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ زالىدا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ يېپىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تۆمۈر داۋامەت شىنجاڭ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە ئون ئىككى مۇقام ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇدىرلىق سالاھىتى بىلەن يېپىلىش نۇتقى سۆزلىدى. مەھەممەت ئىسمائىل يېپىلىش مۇراسىمىغا رىياسەتچىلىك قىلدى ۋە خۇلاسە دوكلاتى بەردى.

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا 70 تەك ئادەم قاتناشتى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى چوڭ-كىچىك يىغىنلاردا سۆز قىلدى. يىغىن 52 ئىلمىي ماقالە تاپشۇرۇپ ئالدى.

بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەشۋىقات ۋە خەۋەر خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى، 12-ئاينىڭ 7-كۈنى كەچتە، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى بىرىنچى قانالنىڭ كەچلىك خەۋەرلەر

پروگراممىسىدا مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدىن خەۋەر بەردى. شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى مۇخبىر گۇرۇپپىسى ئەۋەتىپ، يىغىن ئەھۋالىنى باشتىن ئاخىرغىچە زىيارەت قىلدى ۋە مەخسۇس نومۇر تەييارلاپ شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىدا خەۋەر بەردى.

ئىمىن ئابلا خەۋىرى

# ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

2001-يىل 12-ئاينىڭ 29-كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ۋە ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى توغرىسىدىكى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى 1-بىنا 3-قەۋەتتىدىكى يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى ئابلەت ئابدۇرېشىتنىڭ يولىيورۇقىغا ئاساسەن چاقىرىلغان مەخسۇس يىغىن بولۇپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى، مىللەتلەر نەشرىياتى، مەركىزىي مىللەتلەر تىل-يېزىق تەرجىمە ئىدارىسى، مەركىزىي مىللەتلەر رادىئو ئىستانسىسى مىللىي تىلدا ئاڭلىتىش مەركىزىنىڭ ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش گۇرۇپپىسى، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» نەشرىياتى، «مىللەتلەر رەسىملىك ژۇرنىلى» نەشرىياتى، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بېيجىڭدا تۇرۇشلۇق ئىش بېجىرىش ئورنى قاتارلىق ئورۇنلاردىن تەكلىپ قىلىنغان 25 ئالىم، مۇتەخەسسىس يىغىنغا قاتناشتى.

جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى-مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تەۋەككۇل تىلىۋالدى ۋە جەمئىيەتنىڭ باش كاتىبى تۇرۇپ بارات قاتارلىق يولداشلارمۇ يىغىنغا قاتناشتى ۋە ئۆزلىرىنىڭ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىندا، ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇقادىر نەسىردىن يىغىنغا قاتناشقۇچىلارغا ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشقا ئائىت ئىشلەنگەن خىزمەتلەرى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ھەممە بۇ قېتىمقى سۆھبەت يىغىنىنى

چاقىرىشنىڭ مەقسىتى ۋە تەلىپىنى چۈشەندۈردى. ئۇ كۆپچىلىكنىڭ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى قوللىنىش ۋە تەرجىمە قىلىش، ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكى، ئەمەلىي ئەھمىيىتى ۋە تارىخىي ئەھمىيىتى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىشنى ئۈمىد قىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەت ئېلى سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئالدى بىلەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ سۆھبەت يىغىنىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، بېيجىڭدا خىزمەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئالىم، مۇتەخەسسىسلەردىن مەخسۇس پىكىر ئالغانلىقىغا رەھمەت ئېيتىشتى. كۆپچىلىك ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش ئىشىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشى سۈپىتىدە كۈن تەرتىپكە كىرگۈزۈلۈپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىگە يۇقىرى باھا بېرىشتى، ھەمدە بىردەك بۇ ئۇيغۇر ئىسىم-فامىلە مەدەنىيىتى تەتقىقاتىدىكى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب دەپ قاراشتى.

يىغىنغا قاتناشقۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن قىزغىن سۆز قىلىپ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش توغرىسىدا» (لايىھە) ۋە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى چۆرىدىگەن ھالدا نۇرغۇن پىكىر تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ بۇ ياخشى ئىشنى ياخشى ئىشلەپ، يېرىم يولدا توختىتىپ قويماسلىقىنى قىزغىن ئۈمىد قىلدى.

مۇئاۋىن رەئىس ئابدۇقادىر نەسىردىن ۋە مۇدىر مۇھەممەت ئېلى يىغىنغا قاتناشقۇچىلارنىڭ پىكىر ۋە تەكلىپىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم تەپسىلىي خاتىرىلىۋالدى. ئۇلار ئاخىردا مۇنداق دەپ پوزىتسىيە بىلدۈردى: بىز چوقۇم كۆپچىلىكنىڭ تەكلىپىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلىرى ۋە ئۇيغۇر فامىلە خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىغا ئەينەن يەتكۈزۈپ، چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە بۇ ئىشنى ئىنچىكە، پۇختا، ياخشى ئىشلەش ئارقىلىق تولۇق نەتىجىگە ئېرىشىمىز.

ئىمىن ئابلا خەۋىرى

2001-يىل 12-ئاينىڭ 30-كۈنى. بېيجىڭ

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرايلى ۋە كېڭەيتەيلى

—«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

ۋېي لياڭتاۋ

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ئوتتۇرا ئەسىردىكى تىلشۇناسلىقتا دائىر بۈيۈك ئەسەر، دۇنيا مەدەنىيىتىدىكى نادىر مىراس، ئۇيغۇر مىللىتى ئەجدادلىرىنىڭ ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تەرەققىياتىغا قوشقان تۆھپىسى. بۇ خەلقئارادا بىردەك ئېتىراپ قىلىنغان، مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان پاكىت. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقاتىمىز ئىسلاھ قىلىش. ئىشكىنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدىكى سەۋىيىسىدە توختاپ قېلىشقا، يەنە ئۇنىڭ ئۇلۇغ ۋە نادىر ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ تىلشۇناسلىق ساھەسىدە كەلتۈرۈلگەن بىر يۈرۈش مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ ئۇيغۇرچە نۇسخىسىنىڭ نەشىر قىلىنغانلىقىنى تەشۋىق قىلىش بىلەن چەكلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ(مۇشۇنداق قىلىش ئەلۋەتتە ناھايىتى مۇھىم ۋە كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدۇ). بىز «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ۋە كېڭەيتىشىمىز لازىم. ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى ۋە ئۇنىڭ يېقىندا رەسمىي نەشىردىن چىقىشى تەتقىقاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ۋە كېڭەيتىشكە ئىنتايىن ئوبدان پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

ئالدىنقىلار «تۈركىي تىللار دىۋانى» تىلشۇناسلىق ساھەسىدىكى كاتتا ئەسەر بولۇپلا قالماي، يەنە ئوتتۇرا ئەسىردىكى غەربىي يۇرت ھەققىدىكى قامۇس دەپ كۆرسەتكەنىدى. جياڭ گۇاڭدا ئەپەندى مۇنداق دەيدۇ: ”بۇ لوغەتكە كىرگۈزۈلگەن سۆزلەملەر ئىنتايىن كەڭ. ئۇنىڭدا ئاسترونومىيە، جۇغراپىيە، بەدەن، ، يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەك، قورال-سايمان، قۇش-ھايۋان، قۇرت-قوڭغۇز، دەل-دەرەخ، تاش-مەدەن قاتارلىقلارغا دائىر لوغەتكە كىرگۈزۈلۈشكە تېگىشلىك شەيئىلەر نامى، ئەمەلىي نەرسىلەر ۋە تۈركىي تىللاردىكى ھەرىكەت-ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلۈكلەرنىڭ ھەممىسى كىرگۈزۈلگەن ھەمدە ئۇلار تەپسىلىي ئىزاھلانغان، چۈشەندۈرۈلگەن. چېگرالارنىڭ يۆتكىلىشى، مىللەتلەرنىڭ كۆچۈشى، تاغ-دەريالارنىڭ يۆنىلىشى، مۇھىم ئۆتكەللەرنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، شەھەر-قەلئەلەرنىڭ ئورنى، يوللارنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى ھەتتا ھەر قايسى جايلارنىڭ تۇرمۇش ئۆرپ-ئادەتلىرى، تارىختا يېزىپ قالدۇرۇلمىغان ياكى يېزىپ قالدۇرۇلغان ۋەقەلەر قاتارلىقلار مۇئەللىپنىڭ كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرى بويىچە كەڭ يىغىپ توپلانغان ھەم بۇلار تەپسىلىي چۈشەندۈرۈلۈپ، ئالاقىدار سۆزلەملەرنىڭ تەركىبىدە بېرىلگەن. 900 يىلدىن بۇرۇن تۈزۈلگەن «لۇغەت» دۇنيا بويىچە

تۈنجى تۈركىي تىللار لۇغىتى بولۇپلا قالماي، ئۇنىڭدا يەنە مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونى ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونىغا ئالاقىدار مول بىلىملەر بىلەن تەمىن ئېتىلگەن. بۇ نوقتىدىن ئېيتقاندا ئۇنى قىسقىچە «قامۇس» دەپ ئاتىساقمۇ ئاشۇرۋەتكەنلىك بولمايدۇ.“ («مەھمۇد قەشقەرىنىڭ ‹تۈركىي تىللار دىۋانى›، ۋە بۇ لۇغەتكە كىرگۈزۈلگەن دۆگىلەك خەرىتە ھەققىدە» (ئالدىنقى قىسىم) «مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژورنىلى 1978-يىللىق 2-سان») ناھايىتى روشەنكى، بىزنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقاتىمىز كەڭلىك ياكى چوڭقۇرلۇق جەھەتتە ئۇنىڭدىكى مول مەزمۇنغا نىسبەتەن ئېيتقاندا تولىمۇ يېتەرسىز، بىز تېخى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ قىممەتلىك مەدەنىيەت مىراسىدىن تولۇق پايدىلىنىپ كېتەلمىدۇق. مەن شۇغۇللىنىۋاتقان پەن، يەنى تارىخشۇناسلىق پېنىنى ئالساق، ئەھۋال مانا شۇنداق. مىللەتشۇناسلىق، ئېتنوگرافىيە، جەمئىيەتشۇناسلىق، تارىخىي جۇغراپىيەشۇناسلىق قاتارلىق پەنلەردىكى ئەھۋالمۇ ئاساسەن شۇنداق؛ تىلشۇناسلىق ۋە ئەدەبىيات جەھەتتىكى ئەھۋال ياخشىراق بولسىمۇ، لېكىن تەتقىقات چېكىگە يەتتى دېگىلى بولمايدۇ. تەبىئىي پەنلەرنىڭ ھەر قايسى تارماقلىرىغا كەلسەك، بىلىشىمچە «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقات بەزىلىرىدە ئەمدى باشلاندى، بەزىلىرىدە بولسا تېخى باشلانمىدى.

تارىخشۇناسلىق پېنىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا بولغان تەتقىقات ئوتتۇرا ئەسىردىكى ئوتتۇرا ئاسىياغا ئالاقىدار تۈرلۈك ئىجتىمائىي ئۇچۇرلارنى قېزىش ۋە ئۇلاردىن پايدىلىنىشتىن باشقا ئۇنىڭ يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپىسى تارىخىي ماتېرىيالىزم نۇقتىسىنەزىرى بىلەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ نېمە ئۈچۈن ۋۇجۇدقا كەلگەنلىكىدىن ئىبارەت تارىخىي شەرت-شارائىتنى شەرھىلەشتىن ئىبارەت. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا ”تارىختىن ئىبرەت ئالغىلى“، ”قەدىمكىنى بۈگۈنكى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغىلى“ بولىدۇ. ئۇنى نۆۋەتتىكى «غەربىي قىسمىنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش» بىلەن تارىخىي يوسۇندا بىرلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

تارىخ بىزگە شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ھەر قانداق بىر خىل مەدەنىيلىك ياكى كەڭ مەنىدىكى مەدەنىيەت بولسۇن، ئۆز ۋاقتىدا ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ بىكىنمىچىلىك قىلىپ سىرتتىن كىرگەن مەدەنىيەتلەرنى چەتكە قاقىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بىر ئىزدا توختاپ قالىدۇ، قاتماللىشىپ قالىدۇ ۋە زاۋال تاپىدۇ. دۇنيانىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىدىن ئالساق، مەسىلەن قەدىمكى مىسىر، قەدىمكى بابىلون، قەدىمكى گرېك قاتارلىقلارنىڭ مەدەنىيىتى شۇنداق بولغانىدى. جۇڭخۇا مەدەنىيىتى بولسا 5000 يىلدىن بۇيان ئۈزۈلمەي داۋام قىلىپ كەلدى، بۇنىڭ سەۋەبى پۇختا ئاساسقا ئىگە بولغاندىن باشقا، تېخىمۇ مۇھىمى جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ ماھىيەتتىن ئېيتقاندا كۆپ مەنبەلىك ۋە ئېچىۋېتىلگەن مەدەنىيەت بولغانلىقىدىن. جەنۇبىي-شىمالىي سۇلالىلەر دەۋرىدىكى مىللەتلەر مەدەنىيەتلىرىنىڭ چوڭ قوشۇلۇشى، بۇددا دىنى ۋە غەربىي دىيار مەدەنىيەتلىرىنىڭ تارقىلىشى

ئارقىسىدا گۈللەنگەن تاڭ سۇلالىسى مەيدانغا كەلدى. چىڭ سۇلالىسىنىڭ كېيىنكى مەزگىلىدە غەرب ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ تارقىلىشى، ”ئۆكتەبر ئىنقىلابى زەمبىرەك ئاۋازىنىڭ بىزگە ماركسىزم-لېنىنىزمنى ئېلىپ كېلىشى“ (ماۋ زېدۇڭ سۆزلىرىدىن) بىلەن يېڭى جۇڭگو دۇنياغا كەلدى. ”ئىسلاھات ئېچىۋېتىش“ (دېڭ شياۋپىڭ سۆزلىرىدىن) بىلەن جۇڭگو يېڭى دەۋرگە كىردى. بىر مىللەتكە نىسبەتەن ئېيتقاندىمۇ ئەھۋال شۇنداق بولىدۇ، مانجۇلار بۇنىڭ مىسالى بولىدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىپ، ئىلغار خەنزۇ مەدەنىيىتىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىپ، چىرىك مىڭ سۇلالىسىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، بۈيۈك چىڭ خاندانلىقىنى قۇرغانىدى، شۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى مەدەنىيەت-مائارىپ ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەن ئەمەسمۇ! بىراق كېيىنكى چاغلاردا بىكىنمىچىلىك قىلىپ چەت ئەل بىلەن سودا ئالاقىسى قىلماي، سانائەتلىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن جۇڭگو ئاخىر يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتكە ئايلىنىپ قالدى. بۇ نېمە دېگەن ئېچىنىشلىق— ھە!

قاراخانىيلار سۇلالىسى دەۋرىدە ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇن ئۇيغۇر مىللىتى ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋەتكەن مىللەت ئىدى. ئۇيغۇرلار چوللۇكنىڭ شىمالىدىكى ۋاقتىدا، خەنزۇ مىللىتىنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ئاكتىپ قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە باشقا مەدەنىيەتلەرنى، مەسىلەن مانى دىنى، بۇددا دىنى مەدەنىيىتىنىمۇ قوبۇل قىلغان. غەربكە كۆچكەندىن كېيىن، ئىران مەدەنىيىتىنى، بولۇپمۇ ئەينى ۋاقىتتا دۇنيا بويىچە ئەڭ ئىلغار مەدەنىيەتلەرنىڭ بىرى بولغان ئىسلام مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلغان. بۇنىڭ بىلەن قەدىمكى ئۇيغۇر ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتى ئاساسىدا يېڭى بىر مەدەنىيەت، يەنى ئىسلام-تۈركىي مەدەنىيىتى شەكىللەنگەنىدى. مۇشۇنداق مەدەنىيەت شارائىتىدا، ئۇيغۇرلارنىڭ بىر قىسىم مۇنەۋۋەر يازغۇچىلىرى ۋە مەشھۇر ئەسەرلىرى بارلىققا كەلگەنىدى. مەھمۇد قەشقىرى ۋە ئۇنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىلەن يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ «قۇتاد غۇبىلىك»ى ئۇلار ئىچىدىكى داڭلىق ۋەكىل ھېسابلىنىدۇ. ھازىرقى مەسىلە شۇكى، شۇندىن كېيىن مەدەنىيەت جەھەتتىكى بۇ خىل گىگانتلار ۋە مەشھۇر ئەسەرلەر نېمە ئۈچۈن مەيدانغا كەلمەيدۇ؟ بۇ مەسىلە بىزنى تارىخىي يوسۇندا قايتا ئويغا سالامدۇ؟

”غەربىي قىسىمنى كەڭ كۆلەمدە ئېچىش“ تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېچىش ھېسابلىنىدۇ. مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئېچىش چوڭقۇر قاتلاملىق ئېچىش بولۇپ، پەقەت ئۇلا غەربىي قىسىمنىڭ ئىجتىمائى ھالىتىنى ۋە كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىنى ئۆزگەرتەلەيدۇ. مۇشۇنداق بولماي، پەقەت تېخنىكا جەھەتتىكى ئېچىشلا كۆزدە تۇتۇلسا، ئۇ چاغدا چىڭ سۇلالىسى يولغا قويغان ”چەت ئەللەرگە تەقلىت قىلىش ئىشى“نىڭ ئۆزى بولۇپ قالامدۇ؟ بۇ ساۋاققا تېخى كۆپ ۋاقىت بولمىدىغۇ!

ياڭ شىنتىڭ تەرجىمىسى

# تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»غا نەزەر

ئابدۇرېھىم راخمان

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» گەرچە بىر لۇغەت بولسىمۇ، ئۇنىڭدا 11-ئەسىردىكى تۈركىي تىلىنىڭ، جۈملىدىن خاقانىيە تىلىنىڭ فونېتىكىلىق، لېكسىكىلىق، مورفولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى كونكرېت قائىدىلەر، مىساللار، پاكىتلار بىلەن يورۇتۇلغان. مەھمۇد قەشقىرى ئەسىرىدە ھەر بىر فونېتىكىلىق قائىدە، ھەر بىر سۆز ۋە ھەر بىر مورفولوگىيىلىك شەكلىنى يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن بايان قىلغان.

بۇ ماقالىدا كونكرېت ھالدا تىلشۇناسلىقنىڭ فونېتىكشۇناسلىق، لېكسىكولوگىيە، مورفولوگىيە، سىنتاكس، ئېتىمولوگىيە، لۇغەتشۇناسلىق، دىئالېكتشۇناسلىق، سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق، ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق ۋە ئەمەلىي تىلشۇناسلىق قاتارلىق تارماق پەنلىرى نۇقتىسىدىن «تۈركىي تىللار دىۋانى»نى كۆزىتىپ «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ۋە تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان تەرەپلىرى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى»نىڭ تىلشۇناسلىق جەھەتتىكى ئۇتۇقلىرىنى تۆۋەندىكى تەرەپلەردىن كۆرسىتىپ بەرگىلى بولىدۇ.

1. فونېتىكشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا كونكرېت بىر تاۋۇشنىڭ تەلەپپۇزىدىن تارتىپ نۇتۇق ئېقىمىدىكى تاۋۇش ئۆزگىرىشلىرىگىچە نۇرغۇن مەسىلىلەر يورۇتۇپ بېرىلگەن. كونكرېت فونېتىكشۇناسلىق ئاتالغۇلىرى بىلەن تاۋۇشلارنىڭ توغرا تەلەپپۇزى كۆرسىتىلگەن ۋە ئۆزگىرىشلىرى چۈشەندۈرۈلگەن.

2. لېكسىكولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا سۆزلەرنىڭ قۇرۇلما تۈرلىرى (تۈپ سۆز، ياسالما سۆز، بىرىككەن سۆز، جۈپ سۆز ۋە تەكرار سۆز)دىن تارتىپ سۆزلەرنىڭ سېمانتىكىلىق تۈرلىرى (مەنىداش، ئاھاڭداش ۋە زىت سۆزلەر) ۋە سۆزلەردىكى سېمانتىكىلىق ھادىسىلەرگىچە بايان قىلىنغان.

3. گراماتىكىلىق نۇقتىدىن قارىغاندا كىرىش سۆزدىن تارتىپ ھەر بىر تومدا سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى ۋە مورفولوگىيىلىك شەكىللەر ھەققىدە توختالغان.

4. ئېتىمولوگىيە نۇقتىسىدىن قارىغاندا «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا نۇرغۇن سۆزلەرنىڭ ئېتىمولوگىيىسى بېرىلگەن. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» تۈركىي مىللەتلەرنىڭ ھازىرقى زامان تىللىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىنتايىن مۇھىم ئېتىمولوگىيە لۇغىتى.

5. لۇغەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» لۇغەتچىلىكنىڭ قائىدە تەرتىپلىرىگە تامامەن ئۇيغۇن ھالدا تۈزۈلگەن، شۇنداقلا قامۇس خاراكتېرىنى ئالغان لۇغەت.

6. دىئالېكتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، مەھمۇد قەشقىرى بىر دىئالېكتشۇناستا بولۇشقا تېگىشلىك خىسلەت بىلەن دىئالېكت تەكشۈرۈشتە بولسۇن، دىئالېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى فونېتىكىلىق ۋە لېكسىكىلىق پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ بايان قىلىشتا بولسۇن، ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئىشلىگەن.

7. سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى بىلەن ئورتاق تىل (خاقانىيە تىلى) بىلەن دىئالېكت (تۈركىي قەبىلىلەر تىلى) نى ۋە تۈركىي تىللار بىلەن ئەرەب تىلىنى سېلىشتۇرۇپ سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىققا ئاساس سالغان.

8. ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ تەتقىقات مېتودى بىلەن قىسمەن سۆزلەر (مەسىلەن، II شەخس ئالمىشى «سەن»، «سىز») نىڭ قوللىنىش ئورنى ۋە شارائىتى ھەققىدە توختالغان. بۇ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئىجتىمائىي تىلشۇناسلىقنىڭ بىخلىرى كۆرۈلگەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

9. ئەمەلىي تىلشۇناسلىق نۇقتىسىدىن قارىغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەرەبلەرنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشى ئۈچۈن تۈزۈلگەن بولغاچقا، بۇ ئالدى بىلەن دەرسلىك خاراكتېرىنى ئالغان. تۈركىي تىللارنى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گىرامماتىكا تەرەپلەردىن ئەرەب تىلىغا سېلىشتۇرۇپ چۈشەندۈرگەن. بۇ نۇقتىدىن قارىغاندا، «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئەمەلىي تىلشۇناسلىق ئۈچۈنمۇ ئاساس سالغان.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن قاراخانىيلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتىگە نەزەر

ئالىمجان ئابدۇشۈكۈر، مەخسۇت ئابدۇشۈكۈر

شىنجاڭ سانائەت ئىنىستىتۇتى بىناكارلىق فاكۇلتېتى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق مەدەنىيىتى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسىي جەھەتتىن شەكىللىنىپ بولغان، ھەتتا يېتىلگەن دەۋرى

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن تارىخىي ماتېرىياللار ۋە ئارخېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈشلەر بۇ نۇقتىنى ئاللىقاچان يورۇتۇپ بەردى.

قاراخانىيلارنىڭ بىناكارلىق مەدەنىيىتى توغرىسىدىكى مەلۇماتلار ئاۋۋال ھەممىدىن ئۇيغۇر ئالىمى مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە بىرقەدەر كۆپ شەرھىيلەنگەن. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئۆي-ئىمارەت، نەققاشلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى، ھويلا-ئارام، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى، خوشىندارچىلىق ۋە مۇشۇنىڭغا ئالاقىدار ساھەلەرگە مۇناسىۋەتلىك خاس نام-ئاتالغۇلار، ماقال-تەمسىللەر، شېئىر-قوشاقلار، شەرھىيلەر بىزگە قاراخانىيلارنىڭ ئولتۇراقلىشىش شەكلى، شەھەر مەدەنىيىتى ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ بەلگىلىك تەرەققىياتلارغا ئېرىشكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

بىزدە «ئۇيغۇرلار تاپقان پۇلىنى تامغا چاپلايدۇ» دېگەن گەپ بار. ئۇيغۇرلارنىڭ ئولتۇراق مۇھىتىنى ياخشىلاشقا ئەھمىيەت بېرىدىغان بىر خىل ئېسىل ئەنئەنىسى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا: «كىمنىڭ پۇل-مېلى بولسا ئۆي-جاي سالار» دېگەن ئىبارە بىلەن شەرھىيلەنگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا نەقىل كەلتۈرۈلگەن تەكچە، ئەۋرەز، ئۆينىڭ ئەگىمىسى، كېسەك، خىش، قېلىپ، زەدىۋال، چارچاپ، زەگۇندە، چىت (چىتلاق)، چېدىر، ئۇۋۇق، چىغدان. . . قاتارلىق ئاتالغۇلار ئۇيغۇر بىناكارلىقىنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى، ماتېرىيالى، قۇرۇلمىسى، تۈرى قاتارلىقلارنى چۈشىنىۋېلىشىمىزدا ئىنتايىن قىممەتلىك ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەيدۇ.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئۇيغۇرلارنىڭ شەھەر قۇرۇلۇشى توغرىسىدىمۇ ئەتراپلىق مەلۇمات بېرىلگەن. مەھمۇد قەشقىرى «بالىق»، «ئوردۇ»، «كەنت» قاتارلىق ناملارنى ئىزاھلىغاندا، بۇ ناملار بىلەن ئاتالغان شەھەرلەرنىڭ كۆلىمى، سىياسىي ئورنى، يېشىللىق بىلەن قاپلىنىش نىسبىتى ۋە قۇرۇلغان دەۋرىنىڭ ئوخشاش ئەمەسلىكىنى تەپسىلىي چۈشەندۈرگەن. ئۇ يەنە نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ جايلاشقان ئورنى، دەرىجىسى، شۇ شەھەرلەردە ياشايدىغان ئۇرۇق-قەبىلىلەر، شۇ شەھەرلەرنىڭ بىنا بولغان تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى. . . قاتارلىقلار توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەيدۇ ۋە بۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك بەزى قىزىقارلىق ۋەقەلەرنى بايان قىلىدۇ.

ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا «تۈركىي تىللار دىۋانى» ئۇيغۇرلارنىڭ قاراخانىيلار دەۋرىدىكى بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى ۋە ئولتۇراقلىشىش مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلىشىمىزدا ئىنتايىن قىممەتلىك يازما ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ، بىزنىڭ ئۇيغۇر بىناكارلىق مەدەنىيىتى ئۈستىدىكى تەتقىقاتىمىزدا ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك رول ئوينىغۇسى!

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئىلىم-مەرىپەت ۋە مائارىپ قارىشى

غاپپار روزى

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

1. «تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە قەدىمكى ئۇزاق تارىختا ئىگە باي تۈركىي تىلىنىڭ مول، بىباھا جەۋھەرلىرىنى قالدۇرۇش بىلەن بىرگە، قاراخانىيلار دەۋرىنى مەركەز قىلغان پۈتۈن تۈركىي خەلقلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ھاياتىنى جۈملىدىن تەبىئەت، جەمئىيەت توغرىسىدىكى بىلىملىرىنى ئۆز دەۋرىنىڭ يۇقىرى سەۋىيىسىدە باي تىل ماتېرىياللىرى ئارقىلىق روشەن ئىپادىلەپ بەرگەن مۇكەممەل قامۇس.

2. X ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ۋە XI ئەسىردىن باشلاپ قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىلىم-مەرىپەت ۋە ئىسلام مائارىپىنىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ، مەدەنىي-مائارىپ مۇئەسسەسىلىرى ئىسلام ئىدىئولوگىيىسىگە لايىق قۇرۇلۇپ كېڭەيدى. ئىجتىمائىي، مەدەنىي ھايات جانلاندى. كۆپلىگەن ئالىم-ئۆلىمالار «ساجىيە مەدرىسە» سىگە ئوخشاش ئالىي بىلىم يۇرتلىرىدا يېتىشىپ چىقتى. ماقالىدا قاراخانىيلار دەۋرىدىكى مەدەنىي-مائارىپ ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر كلاسسىك مەدەنىي-مائارىپىنىڭ ئورنىنى ئىگىلەپ، ئوتتۇرا ئاسىيادا زور شۆھرەت قازانغانلىقى مۇھاكىمە قىلىنغان.

3. مەھمۇد قەشقىرى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەلىم-تەربىيە كۆرگەن، ئالىي مەلۇماتنى «ساجىيە مەدرىسە» دە ھۈسەيىن خەلەبكە ئوخشاش ئۆز دەۋرىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەرىپەتپەرۋەر ئۇستازلىرىدىن ئالغان، قىزىقىش دائىرىسى كەڭ، مەۋجۇد ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئۇلۇغ تىلشۇناس، مىللەتشۇناس، مائارىپشۇناس ئالىم ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلگەن.

4. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى فولكلور ۋە يازما ئەدەبىيات نەمۇنىلىرى سانىنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇنىنىڭ رەڭدارلىقى، تىلىنىڭ راۋانلىقى، شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن كۆزگە تاشلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئۇلار XI ئەسىرنىڭ ئالدى-كەينىدىكى مىللىي تىل، ئەدەبىيات-سەنئەت تەرەققىياتىنىڭ سەۋىيىسىنى ئىسپاتلايدۇ. ھازىرقى ئەدەبىياتىمىزنىڭ تەرەققىياتى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز بىرىنچى قول بىباھا ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار شەكىل ۋە مەزمۇنغا قاراپ نەسرىي ئەسەرلەر، شېئىرىي ئەسەرلەر دەپ ئىككى چوڭ تۈرگە بۆلۈنىدۇ ھەم ئۇلار قىسقىچە بايان قىلىنغان.

5. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «بەخت بەلگىسى بىلىم» ، «ئەدەب-پەزىلەتنىڭ بېشى

تىل»، «بەلگە بولسا يولدىن ئازماس، بىلىم بولسا سۆزدىن قايماس»، «كىچىكىدىن قېتىرقىنسا، چوڭ بولغاندا سۆيۈنەر»، «پەزىلەتسىز ئادەمدىن بەخت كېتىدۇ»، «ئوغلۇم مەندىن نەسىھەت ئال، پەزىلەتلىك بول، ئەل ئىچىدە ئالىم بولۇپ، بىلىم تارقات»، «پەزىلەت تىلە، ئۆگىنىش بىلەن مەغرۇرلانما، پەزىلەتسىز تۇرۇپ مەغرۇرلانغان سىناقتا چانار»، «زامان پۈتۈنلەي ئازدى، ئەردەم تامامەن توزدى، يامانلار باش كۆتەردى، ئەردەم بېگى يوقىلىپ» دېگەن ئەدەبىي نەمۇنىلەر كىشىلەرنى ئىناق-ئىتتىپاقلىققا، ئەخلاقلىق-پەزىلەتلىك بولۇشقا، ئىلىم-بىلىم ئۆگىنىشكە دەۋەت قىلغان. شۇنىڭ بىلەن بىرگە كىمدە بىلىم كۆپ بولسا، بەخت، دۆلەت شۇنىڭ بولىدىغانلىقى، ئىلىم ئەھلىلىرى كۆپەيسە ئىلىم-پەن تېز راۋاجلىنىدىغانلىقى، جەمئىيەت تېز تەرەققىي قىلىدىغانلىقىدەك ئىستېتىك چۈشەنچىلەر ئالىمنىڭ ئىلىم-مەرىپەت، مائارىپ ئىدىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈلۈپ ئىپادىلەنگەن.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىنىڭ ئىلىم-مەرىپەت ۋە مائارىپ قارشى ئىپادىلەنگەن ئەدەبىي نەمۇنىلەر ئەينى دەۋر قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئىلىم-پەن، مائارىپ، مەدەنىيىتىنىڭ گۈللىنىشىگە، جۇملىدىن ئوتتۇرا ئەسىر ئىلىم-پەن، ئەدەبىيات گۈللىنىشىگە بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇپلا قالماي، بەلكى بۈگۈنكى بىلىم ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىياتى كەسكىن رىقابەت خىرىسىغا دۇچ كېلىۋاتقان دەۋردە بىزگە ئىنتايىن زور ئىلھام بېرىدۇ.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇھەببەت قوشاقلىرى، مۇنازىرە شەكلىدىكى قوشاقلار ۋە كلاسسىك ئەدەبىيات مىزدىكى "نامە"، "مۇنازىرە" ژانىرلىرى توغرىسىدا

ھەبىبۇللا ئابدۇسالام

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى مىللەتلەر تەتقىقات ئورنى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» بىزگە قەدىمكى تۈركىي تىلىنىڭ مول بىباھا جەۋھەرلىرىنى قالدۇرۇپلا قالماستىن، يەنە قىممەتلىك ئەدەبىي مىراسلارنىمۇ قالدۇرغان. بۇ ئەدەبىي مىراسلار ھازىرغىچە تېپىلغان ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنىڭ ئەڭ قەدىمكىسى شۇنداقلا ئەڭ رەڭدار نەمۇنىسى سانىلىپ، ئەدەبىيات تەتقىقاتىمىزنى قىممەتلىك بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە.

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى مەزمۇنىنىڭ موللىقى، بەدىئىي شەكلىنىڭ خىلمۇ خىللىقى بىلەن ئالاھىدە خاراكتېرلىنىدۇ. بۇ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن ئۆزگىچىلىك بولۇپ، قەدىمكى ئەدەبىي مىراسلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىقلا بۇ خىل ئۆزگىچىلىكنىڭ

شەكىللىنىش جەريانى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تېپىپ چىقالايمىز.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى بەدىئىي شەكىللەر ئىچىدە "نامە" ژانىرى ۋە "مۇنازىرە" ژانىرى قەدىمىي ژانىرلاردىن ھېسابلىنىدۇ. گەرچە بۇ ئىككى ژانىردا يېزىلغان چوڭراق ھەجىمدىكى مەخسۇس ئەسەرلەر 14-ئەسىرلەردە مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، بۇ ئەدەبىي ژانىرلارنىڭ دەسلەپكى ئىزنالىرىنى «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ئەدەبىي مىراسلار ئىچىدىن ئۇچرىتىشقا بولىدۇ.

ئاشىق-مەشۇقلارنىڭ بىر-بىرىگە يازغان شېئىرىي مەكتۇبلىرى مەزمۇن قىلىنغان تۈردىكى ئەسەرلەر "نامە" ژانىرىغا مەنسۇپ ئەسەرلەر بولۇپ، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇھەببەت قوشاقلىرى بىزگە بۇ ژانىرنىڭ خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىكى ئەڭ دەسلەپكى نەمۇنىلىرىنى نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىكى "مۇنازىرە" ژانىرىغا مەنسۇپ ئەسەرلەردە كۆپ ھاللاردا ئوخشاش بولمىغان نوقتىئىنەزەرگە، كۆز قاراشقا، مەسىلىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى بىر، ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوبيېكتلارنىڭ ئۆزىنى ياكى ئۆز كۆز قارىشىنى ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇپ، قارشى تەرەپنى چۈشۈرۈش، ئىنكار قىلىپ مەسخىرە قىلىش ئارقىلىق ئۆز مۇددىئالىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشى مەقسەت قىلىنىدۇ. «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇنازىرە شەكلىدىكى قوشاقلار ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا تەبىئەت قوشاقلىرى ئىچىدىكى قىش بىلەن يازنىڭ مۇنازىرىسى تەسۋىرلەنگەن قوشاقلار كىلاسسىك ئەدەبىياتىمىزدىكى "مۇنازىرە" ژانىرىدا يېزىلغان ئەڭ دەسلەپكى ئەسەر ھېسابلىنىدۇ.

بۇ ماقالىمىزدا "نامە" ژانىرى ۋە "مۇنازىرە" ژانىرىنىڭ قەدىمىيلىكى، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مۇھەببەت قوشاقلىرى ۋە مۇنازىرە شەكلىدىكى قوشاقلارنىڭ بۇ ئىككى ژانىرنىڭ شەكىللىنىش ۋە تەرەققىياتىدا تۇتقان ئورنى، كېيىنكى دەۋردە بۇ ئىككى ژانىردا ئىجاد قىلىنغان ئەسەرلەر ۋە بۇ ئەسەرلەرنىڭ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا تۇتقان ئورنى قاتارلىق نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە بىر نەزەر

ھەبىبۇللا خوجا لەمجىنى
شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

ماقالە ئاساسەن ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ.

بىرىنچى بۆلەكتە «دىۋان» ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە، يەنى «دىۋان» ئۆز ئىچىگە ئالغان

مەزمۇن دائىرىسى كۆرسىتىلىدۇ. «دىۋان» ئەسلىدە تىلشۇناسلىققا ئائىت كىتاب— تۈركىي
تىللارنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى بولۇپ، ئۇنىڭغا ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەر دائىم
ئىشلىتىپ كەلگەن 8000 چە سۆزلۈك كىرگۈزۈلگەن. مۇئەللىپ تۈركىي تىلنى ئۆز دەۋرىدىكى
«ئەدەبىي تىل»، «ئىلىم-پەن تىلى» بولۇپ خىزمەت قىلىۋاتقان ئەرەب تىلى بىلەن بىر قاتاردا
قويۇپ ھەمدە ئۇنىڭ ئەرەب تىلى بىلەن «خۇددى بەيگىگە چۈشۈپ چېپىپ كېتىۋاتقان ئىككى
ئات» ئىكەنلىكىنى، تۈركىي تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنىڭ پاساھەتلىك، مول تىل بايلىقىغا
ئىگە تىل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. ئەينى مۇھىتتا تۈركىي تىلنىڭ ئەرەب
خەلىپىلىكىنىڭ ھاكىمىيەت، ئىقتىساد، سودا ۋە ئىلىم-پەن ساھەسىدە بارغانسېرى مۇھىم
رول ئويناۋاتقانلىقى، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىتنىڭ تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشكە تەقەززا
قىلىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، ئەرەبلەرگە ۋە ئومۇمەن تۈركىي تىلنى
بىلمەيدىغانلارغا تۈركىي تىلنى ئۆگىنىشنى مەقسەت قىلىپ يېزىپ چىققانلىقى، «دىۋان» غا
كىرگۈزۈلگەن سۆزلۈكلەرنىڭ گرامماتىكىلىق، فونېتىكىلىق ۋە باشقا خۇسۇسىيەتلىرى
ئىلمىي ئاساستا شەرھىيلەپ بېرىلگەنلىكى، «دىۋان» غا يەنە 80 گە يېقىن تۈركىي قەبىلە ۋە
مىللەت نامى، 100 دىن ئارتۇق مەشھۇر شەھەر، تاغلار، دەريالار، ئۆتكەل-قورۇللار ۋە
يېزا-مەھەللىلەرنىڭ ناملىرى، شۇ دەۋرگىچە يېتىپ كەلگەن ۋە ئازدۇر-كۆپتۇر ئۆزگەرگەن
شەكىلدە ھازىرمۇ ئىشلىتىلىۋاتقان ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە-مىللەتلەرنىڭ 300 چە
ماقال-تەمسىل، 242 كۇبلېت شېئىر-قوشاق، بېيىت-رۇبائىلىرى، نۇرغۇن ھېكمەتلىك
سۆزلەر، تۈرلۈك-تۈرلۈك رىۋايەت ۋە ۋەقەلەر قاتارلىقلار كىرگۈزۈلگەنلىكى، بۇلاردىن باشقا
مۇئەللىپ «دىۋان» غا يەر شارىنىڭ يۇملاق ئىكەنلىكى ئۇقۇمى بويىچە يېزىپ چىققان
ئاسىيانىڭ خەرىتىسىمۇ قوشۇمچە قىلىنغانلىقى، قىسقىسى «دىۋان» ئەسلىدە تىلشۇناسلىققا
دائىر كىتاب بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن دائىرىسى ۋە بايانلار قەدىمكى
ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە-مىللەتلەرنىڭ تارىخىي كېلىپ چىقىشى، نامى، ئۆرپ-ئادىتى،
قائىدە-يوسۇنى— ئېتنوگرافىيىسى، تىل-يېزىقى، دىنىي ئېتىقادى، ئەدەبىياتى (ئېغىز
ئەدەبىياتى ۋە يازما ئەدەبىيات)، شۇغۇللانغان ئىگىلىك ساھەسى، ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى،
ئىجتىمائىي ھايات-تۇرمۇش شەكلى، ھەربىي ئىشلار، ھاكىمىيەت ئىشلىرى، ئىقتىساد،
سودا، داۋالاش-دورىگەرلىك قاتارلىق نۇرغۇن ساھەلەرگە چېتىلىدىغانلىقى، بۇلار ئۆز
نۆۋىتىدە شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا تۈركىي قەبىلە-مىللەتلەرنىڭ
تارىخى، ئېتنوگرافىيىسى، تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى، ئىقتىساد، سودا، تىببىي ئىلىم،
ھەربىي ئىشلار، ھاكىمىيەت چۈشەنچىسى، مېتاللچىلىق، قۇرۇلۇش-بىناكارلىق، مېدىتسىنا،
ئاسترونومىيە ۋە كالېندارچىلىق قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىشتىكى بىرىنچى قول ماتېرىيال
ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

ئىككىنچى بۆلەكتە، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان قاراخانىيلار سۇلالىسى تەۋەلىكىدىكى

قەشقەر، بالاساغۇن قاتارلىق مەركىزىي شەھەرلەر، كىچىك يېزا-كەنت بولسىمۇ ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد قەشقىرىدەك دۇنيا تۈركىي تىللار سېلىشتۇرما تىلشۇناسلىقىنىڭ پېشۋاسى دۇنياغا كەلگەن ۋە جىسمى ھېلىمۇ قۇچاقلاپ ياتقان ئوپال، ئازىق قاتارلىق جايلار، ئەينى دەۋردىكى مۇسۇلمان قاراخانىيلار سۇلالىسى بىلەن بۇددىست ئىدىقۇت خانلىقىنىڭ چېگرىسى ھېسابلانغان كۇسەن(كۇچا) ۋە دەسلەپتە بۇددىزمنىڭ كۈچلۈك قورغىنى بولغان، 11-ئەسىرنىڭ بېشىدا قاراخانىيلار تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان ئۇدۇن (خوتەن) قاتارلىق شەھەرلەر؛ شۇنداقلا ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى تەۋەلىكىدىكى سۇلمى، قوچۇ، بېشبالىق، جانبالىق ۋە يېڭىبالىق قاتارلىق مەركىزىي ۋە چوڭ شەھەرلەر يەنە شۇنىڭدەك، تۆرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنمىغان، ئەمما قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئۇيغۇرلار ۋە باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، سودا، مەدەنىيەت، سەنئەت، ھەربىي ۋە ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا ھەتتا يۇقىرىدا تىلغان ئېلىنغان شەھەرلەردىنمۇ مۇھىم ئورۇن تۇتقان ۋە زور رول ئوينىغان، مىلادىدىن 5 ئەسىر ئىلگىرى ئۇيغۇرلارنىڭ بىۋاستە — ئەڭ يېقىن ئەجدادى قوشلار تەرىپىدىن قۇرۇلغان «تەبىئىي سېپىللىق» يارغول شەھىرى ۋە موڭغۇل دالاسىدىن تاكى بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبىغىچە، تارىم، جۇڭغار، تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدىن ئىبارەت غايەت زور زېمىننى ئىلكىدە تۇتۇپ، 100 يىلچە ھۆكۈمرانلىق قىلغان ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقىنىڭ پايتەخت شەھىرى ئوردۇبالىق قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ نامىمۇ تىلغا ئېلىنىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ باشقا بەزى تىل-يېزىقلاردىكى خاتىرىلىنىش ئەھۋالى، قۇرۇلۇش ئۇسلۇبىدا، تاشقى دۈشمەنگە تاقابىل تۇرۇش، شەھەر مۇداپىئەسى مۇستەھكەم بولۇش، شەھەر ئامانلىقىنى قوغداش قاتارلىقلار ئويلىشىلغان ھالدا لايىھەلەنگەن بولۇپ، شەھەرلەر قاتمۇ-قات ئېگىز ۋە قېلىن سېپىللار بىلەن قورشالغانلىقى، شەھەر مۇداپىئەسىنىڭ تېخىمۇ پۇختا بولۇشى ئۈچۈن سېپىل بويلاپ خەندەكلەر قېزىلغانلىقى، ئۇنىڭغا سۇ تولدۇرۇلىدىغانلىقى، شەھەرلەرنىڭ تاشقى شەھەر، ئىچكى شەھەر، ئوردا شەھىرى، ئوردا مەھكىمىسى، ئەمەلدارلار ئولتۇراق رايونى، ئاۋام-پۇقرا ئولتۇراق رايونى، ھەربىي گازارما، كۆزىتىش مۇنارى، قول سانائەتچىلەر، ھۈنەرۋەن كاسىپلار رايونى، سودا-تىجارەت مەيدانى، يەر ئاستى ياكى يەر ئۈستى ئىبادەتخانىلىرى، ئەمەلدارلار قەبرىستانلىقى، پۇقرالار قەبرىستانلىقى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدىغانلىقى، يەنە شەھەرلەرنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىغا مۇۋاپىق ھالدا مەركىزىي يول، يانداش يوللار ئېلىنغانلىقى، ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ مەركىزىي يولنى بويلاپ ئىككى تەرەپكە زىچ بولسىمۇ ئەمما تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغانلىقى، ھەر تەرەپكە كەتكەن يانداش يوللار مەركىزىي يولغا تۇتۇشىدىغانلىقى، بۇنىڭ بىلەن ئاۋات كوچا-رەستىلەر شەكىللەنگەنلىكى، بۇنىڭدىن باشقا يەنە يەر شارائىتىغا قاراپ يارغول قەدىمكى شەھىرىدەك «تەبىئىي سېپىل» لىق شەھەرلەرنىمۇ بىنا قىلغانلىقى، بۇ شەھەرلەرنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئالىملار تەرىپىدىن «دۇنيا شەھەر قۇرۇلۇشىدىكى شەھەرلەرنىڭ نەپىس ئۈلگىسى» دەپ تەرىپلىنىشى

كېلىۋاتقانلىقى بايان قىلىنىدۇ.

ئۈچىنچى بۆلەكتە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئىگىلىكنىڭ چارۋىچىلىقتىن باشقا دېھقانچىلىق، باغۋەنچىلىك، سۇ ئىنشائاتى، قول ھۈنەر، سودا-تىجارەت، توقۇمىچىلىق، بوياقچىلىق، مېتالچىلىق قاتارلىقلار بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، بەلكى يەنە بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇشى بىلەنمۇ كەڭ شۇغۇللىنىپ، نۇرغۇنلىغان قەلئە-شەھەرلەرنى بىنا قىلىپ، مەركىزىي ئاسىيادا ياشىغۇچى قېرىنداش باشقا تۈركىي قەبىلىلەردىن ئاۋۋال ئولتۇراقلاشقان تۇرمۇشقا، شەھەر مەدەنىيىتى ھاياتىغا كۆچكەنلىكى، مالوف، ياكوبوۋسكى قاتارلىق ئالىملارنىڭ «ئۇيغۇرلار مەركىزىي ئاسىيادا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپلا شەھەر تۇرمۇشى كەچۈرۈپ كەلگەن ئەڭ مەدەنىي خەلقلەرنىڭ بىرى» ئىكەنلىكىنى قەيت قىلىشلىرىنىڭ ھېچ ئاساسسىز ئەمەسلىكى كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ.

ئەڭ ئاخىرىدا ماقالىنىڭ مۇئەللىپى «دىۋان» دىن قەدىمكى ئۇيغۇر شەھەرلىرىگە نەزەر تاشلىغاندا «دىۋان» دا نامى تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەرنىڭ ئۇيغۇر شەھەرلىرىنىڭ ھەممىسى ئەمەس پەقەت بىر قىسمى ئىكەنلىكى، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەرنىڭ «دىۋان» بىلەن تەڭلا مەيدانغا كەلگەن بولماي، بەلكى «دىۋان» مەيدانغا كېلىشتىن كۆپ ئەسىر ئىلگىرى مەيدانغا كەلگەنلىكى، «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنمىغان شەھەر دەپ «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنغان شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىنىڭلا ئۈستىدە توختاپ كەتمىگەنلىكى، شۇنداقلا «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنمىغان دەپ ئەمەلدە نەزەردىن ساقىت قىلىشقا زادىلا بولمايدىغان يارغول، ئوردۇبالىق قاتارلىق «دىۋان» دا تىلغا ئېلىنمىغان شەھەرلەر ئۈستىدىمۇ قىسقىچە توختىلىپ، بۇ شەھەرلەرنىڭ قۇرۇلغان ۋاقتى، شەھەرنىڭ لايىھىلىنىشى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، ئۇسلۇب، شەكىللىرى ۋە باشقا جەھەتلەردىن تەھلىل يۈرگۈزۈپ ۋە ماتېرىياللارغا ئاساسلىنىپ، كۆزىمىزنى ۋە ئۆزىمىزنى ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمدە چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللانغانلىقىدىن ئىبارەت بۇ ئىگىلىكنىڭ دەسلەپكى پەردىسى بىلەنلا چەكلەپ قويماي، بەلكى ئۇنىڭدىن ھالقىپ ئۆتۈپ، ئۇيغۇر تارىخى، مەدەنىيىتى ۋە سەنئىتىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلارنىڭ يەنە چارۋىچىلىقتىن باشقا، يۇقىرىدا ئېيتىلغان ئىگىلىك ساھەلىرى بىلەن كەڭ شۇغۇللانغانلىقى، بولۇپمۇ، بىناكارلىق، شەھەر قۇرۇلۇشىدا غايەت زور تەرەققىياتلارغا ئىگە بولغانلىقى، ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى ياشىغان ئىپتىدائىي جەمئىيەت، قەدىمكى زامان ۋە ئوتتۇرا ئەسىر ئىپتىدائىي ۋە فېئوداللىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماس ھالدا باشقا قەبىلە-مىللەتلەردىن ئاۋۋال ئىدىيە ۋە ئاڭ جەھەتتە زور ئىلگىرىلەش ھاسىل قىلىپ، شۇ دەۋردىكى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىگە ماس ھالدا شەھەر تۇرمۇشىغا كۆچۈپ، ھاكىمىيەت قۇرۇپ ئەتراپىدىكى قەبىلە-مىللەتلەرنى قول ئاستىغا بىرلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيىتىنى گۈللەندۈرگەنلىكى، ئۇنىڭ ماددىي ئىسپاتى سۈپىتىدە ئەشۇ بىر قىسىم قەدىمكى شەھەر ئىز-خارابىلىرىدىن تېپىلغان ماتېرىياللار (يازما ۋە ماددىي بۇيۇملار) دا ئەكس

ئېتىۋاتقانلىقى كۆرسىتىپ ئۆتۈلىدۇ.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى مەلۇماتلاردىن 10-11- ئەسىرلەردىكى قاراخانىيلار ئۇيغۇرلىرىنىڭ نام، نەسەب قوللىنىش ئادىتى ھەققىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

غەيرەتجان ئابدۇللا كالدىر

شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ فاكۇلتېتى

ئورخۇن دەرياسى بويلىرىنى مەركەز قىلىپ بىنا قىلىنغان ئۇيغۇر خاقانلىقى مىلادى 840-يىلى ئىچكى نىزا، تەبىئىي ئاپەت ۋە قىرغىزلارنىڭ زەربىسىدە يېقىلغاندىن كېيىن، غەربكە كۆچكەن بىر بۆلەك شەرقى ئۇيغۇرلار غەربكە كۆچۈپ، يەتتە سۇ، غەربىي تارىم، پەرغانە ۋە ماۋارائۇننەھرىنىڭ شەرقىدىكى رايونلارغا كېلىپ ماكانلىشىپ، بۇ يەردە ئەزەلدىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان غەربىي ئۇيغۇرلار ۋە ئۇلار بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، شۇنداقلا كۆچۈپ كېتىۋاتقان نۇرغۇن يات خەلقلەر بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن.

ھەر خىل دىنىدىكى، ھەر خىل تىلدىكى ۋە ھەر خىل شىۋىلەردىكى مىللەت ۋە قەبىلە-ئۇرۇقلارنىڭ ئارىلىشىپ ئولتۇراقلىشىپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىدىيە جەھەتتىن بىر گەۋدىگە ئايلىنىشى، تىل ۋە يېزىق جەھەتتىن ئۇيغۇرلىشىشقا يۈزلىنىشى، بىرى، ھەر قايسى مىللەتچە نام، نەسەپ قوللىنىدىغان كىشىلەرنىڭمۇ بىرلىككە كەلگەن ئۇيغۇر نام، نەسەب ۋە باشقا نام-ئاتاقلارنى قوللىنىشىغا تۈرتكە بولدى. يەنە بىرى، ئۇ يات مەدەنىيەتلەرمۇ ئۆزىنىڭ ئاكتىپ ئامىللىرى بىلەن ئۇيغۇر نام، نەسەب مەدەنىيىتىنى بېيىتتى.

ئىسلام دىنىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى بىلەن ئۇيغۇرلىشىش تېخىمۇ تېز تاماملاندى ۋە تۈرك-ئۇيغۇرلارنىڭ نام، نەسەب قوللىنىش ئادەتلىرىمۇ بارا-بارا مۇسۇلمانچىلىشىشقا، بولۇپمۇ ئەرەبچىلىشىشكە باشلىدى. لېكىن ئۇيغۇرلاردا ئەزەلدىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئەنئەنىۋى نام، نەسەب قوللىنىش ئادەتلىرى ئىسلام دىنىنىڭ كۈچى بىلەن غەزنەۋىلەر، سەلجۇقىلارغا ئوخشاش تېزلا ئەمەلدىن قالماستىن، خېلى بىر زامانلارغىچە، ھەتتا 11-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرلىرىغىچە داۋام قىلدى. شۇغىنىسى ئىسلام مەدەنىيىتى خەلقىمىز مەدەنىيىتىنىڭ نۇرغۇن ساھەلىرىگە ئاكتىپ تەسىرلەرنى كۆرسەتكەن بولسىمۇ، ئەمما ئىسلامىيەت تەسىرىنىڭ كۈنسېرى كۈچىيىشى ئەنئەنىۋى، مىللىي، ئىلغار بولغان تۇراقلىق نەسەب نامى قوللىنىش مەدەنىيىتىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى بوغدى ھەم ئاخىرى بېرىپ ئاساسەن

ئۆزۈپ قويدى. . . پەقەت قەدىمكى نەسەب نامى مەدەنىيىتىمىزنىڭ ساقىندىسى سۈپىتىدە ئاتا مىراس لەقەم قوللىنىش ئادىتى دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلدى.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا ئالىمىمىز مەھمۇد قەشقىرى دەل مۇشۇ مەسىلىلەرگە دائىر ئازدۇر - كۆپتۇر مەلۇمات ۋە بىشارەتلەرنى بېرىپ ئۆتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ بىزنىڭ ئەينى دەۋردىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ ئىسىم، نەسەب ۋە ئۇنۋان-لەقەم ئىشلىتىشىگە دائىر نۇرغۇن مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىشىمىزغا مۇھىم ياردىمى تېگىدۇ. شۇنداقلا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قەدىمكى نام، نەسەب قوللىنىش مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنگىچە يېتىپ كەلگەن تىرىك ساقىندىلىرىدىن ئىلھام ئېلىپ، ھەقىقىي، زامانىۋى ۋە مىللىي تۈستىكى تەگئات (فامىلە) لىق مىللەت بولۇشىنى بالدۇرراق ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز ئۈچۈنمۇ مۇھىم رولى بار.

مەن، مەزكۇر ماقالەمدە «دىۋان» دىكى نۇرغۇن تارىخىي ۋە تىل ماتېرىياللىرىنى باشقا ئالاقىدار ماتېرىياللار بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، 10-11-ئەسىرلەردىكى ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ نام ۋە نەسەب قوللىنىش مەدەنىيىتى ھەققىدە دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزۈمنىڭ ئىزدىنىشلىرىنى قىسقىچە بولسىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇم. ئالاقىدار ئۇستازلارنىڭ مەزكۇر ماقالەمدىكى سەۋەنلىكلىرىم ئۈستىدە بەرگەن سەمىمىي ياردىمىنى ۋە مەزكۇر تېمىغا قىزىققۇچىلارنىڭ مەن بىلەن بۇ ساھەدە ئورتاق ئىزدىنىشىنى قىزغىن قارشى ئالىمەن.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ماقال-تەمسىللەر ۋە ئاياللار توغرىسىدا

قەمبەرنىسا مۇھەممەت ھاجى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلىنىڭ مۇھەررىرى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» XI ئەسىر ئۇيغۇر مەدەنىيىتىنىڭ بۈيۈك نامايەندىسى. ئۇ يالغۇز ۋەتىنىمىزنىڭ مەدەنىيەت غەزىنىسىدىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيا مەدەنىيەت غەزىنىسىدىمۇ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىۋاتقان قىممەتلىك يالداما.

ئۇلۇغ تىلشۇناس، ئالىم مەھمۇد قەشقىرى بۇ بۈيۈك ئەسىرىدە تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، ئىقتىسادى، ئىلىم-پەنى، سەنئىتى، پەلسەپە ئەخلاق چۈشەنچىسى، ئۆرپ-ئادەتلىرى قاتارلىقلارنى شەرھىلىگەن. بۇ ئەسەر تىل تەتقىقاتىدا ئاجايىپ نادىر ئەسەر بولۇپلا قالماي، جەمئىيەتشۇناسلىق، مىللەتشۇناسلىق، فولكلور، ئىستىتىكا جۈملىدىن ئەينى دەۋردىكى ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك تەتقىقاتلار ئۈچۈنمۇ پۈتمەس-تۈگىمەس بۇلاقتۇر.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن نىكاھ، ئائىلە ۋە ئائىلە تەربىيىسى، ئائىلە

تەربىيىسىدىن ئانىلار ۋە ئاياللارنىڭ رولى، ئورنىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان ماقال تەمسىللەر كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بۇلاردىن تېپىك قىلىپ تۆۋەندىكى ماقال-تەمسىللەرنى كۆرسىتىش مۇمكىن:

«ئانىسى ھىيلىگەر يۇپقا ياپار، ئوغلى زېرەك قوشلاپ ئالار» (3-توم 43-بەت) بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى، ئانىسى ئەقىللىق زېرەك بولسا بالىسى ئۇنىڭدىن ئۆرنەك ئېلىپ ئېخمۇ زېرەك ۋە ئەقىللىق بولىدۇ، دېگەندىن ئىبارەت.

«بويتاقتا ئەللىك قېرى بوزدىمۇ ئىشتان چىقماس» (1-توم 158-بەت) بۇ يەردە تەكىتلەنگىنى ئىنسان ئۈچۈن ئائىلىنىڭ مۇھىملىقىدىن ئىبارەت.

«قۇلاق ئىشتە كۆڭۈل بىلەر، كۆز (سۆيۈملۈكنى) كۆرسە ئۇدۇك (ھەۋەس) كېلەر» (1-توم 284-بەت) بۇنىڭدا ئائىلە قۇرۇشتا مۇھەببەت ۋە سۆيگۈ ھېسسىياتى بولۇش كېرەكلىكى، شۇنداقلا ساپ، گۈزەل ئەخلاق پەزىلەتنىڭ بولۇشى تەكىتلىنىپ بۇنى گۈزەللىك نۇقتىدىن تۇرۇپ مەزمۇننى تېرەلىككە ئىگە قىلغان.

«توشۇك مارجان يەردە قالماس» (3-توم 38-بەت) بۇ ماقال «توشۇك مارجان يەردە قالماس يەردە قالسىمۇ توپا قونماس» دېگەن ۋارىيانتتا ھازىرمۇ تىلىمىزدا ساقلانماقتا.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى ماقال تەمسىللەرنىڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تەربىيىۋى قىممىتىنىڭ يۇقىرىلىقى ھەممىمىزگە ئايان. جۈملىدىن ئەسەردە ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ماقال-تەمسىللەر كەڭ ئورۇن ئالغان بولۇپ، تۈركىي خەلقلەرنىڭ جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ XI ئەسىردىكى ئاياللار قارىشى، ئائىلە تەربىيىسى چۈشەنچىسى بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنى يورۇتۇپ بېرىشتە زور ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

# مەھمۇد قەشقىرى ۋە دالا تەكشۈرۈش ئىلمى

راھىلە داۋۇد

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

دالا تەكشۈرۈش ئوبيېكتى جايلاشقان جايدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەمەلىي ماتېرىيال توپلاش ھەركىتىنى كۆرسىتىدۇ، دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇلى ئانتروپولوگىيە، ئېتنولوگىيە، فولكلور، تىلشۇناسلىق قاتارلىق ئىنسان مەدەنىيىتى تەتقىقاتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىلىملەردە ئورتاق قوللىنىدىغان كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇل. ئىلىم ساھەسىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ قوللىنىشى 19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا شەكىللەنگەن. كولومبو 1492-يىلى ئامېرىكا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى بايقايدۇ، بۇنىڭ بىلەن غەرب دۇنياسى دۇنيانىڭ باشقا

بۇرجىكىدە چىراي، تەن، ئېرىق، ئۆرپ-ئادەت، تىل قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزلىرىدىن پەرقلىق بولغان ئىنسانلار توپىنىڭ بارلىقىنى بايقايدۇ، ئۇلارغا بولغان قىزىقىش بىلەن مىسسىيونېرلار، ئېكسپېدىتسىيىچىلەر ھۆكۈمەت ئەمەلدارلىرى جۇغراپىيەشۇناسلار ۋە ساياھەتچىلەر بۇ يات دۇنياغا كېلىپ شۇ يەردە كۆرگەن بىلگەنلىرىنى خاتىرىلەيدۇ، غەربتىكى ئىنسان ئىلمى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئالىملار مانا مۇشۇ كىشىلەرنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇقتا ياشىغۇچى قەبىلىلەر ھەققىدىكى ساياھەت خاتىرىلىرى ئاساسىدا ۋاستىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بارىدۇ. 19-ئەسىرنىڭ 40-يىللىرىغا كەلگەندە ئامېرىكا ئىرقشۇناسى ئانتروپولوگىيەشۇناسى مورگىن ئامېرىكا ئىندىيانلىرى ئارىسىغا بېرىپ ئۇزۇن مەزگىل دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ دۇنياغا داڭلىق بولغان ئەسىرى «قەدىمقى جەمئىيەت» نى يېزىپ چىققان. ئۇندىن كېيىن فىرزېر، ئاندىرىۋ لاڭ، بواس، مالىنوۋسكى، تېيلور قاتارلىق بىر تۈركۈم غەرب ئىنسان ئىلمى تەتقىقاتچىلىرى يات رايون، يات قەبىلىلەر ئارىسىغا چوڭقۇر چۆكۈپ ئۇزۇن مەزگىل ئەمىلىي تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت، دىن، تىل، فولېكلور تەتقىقاتىغا ئائىت ئۆلمەس ئەسەرلىرىنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ كىشىلەرنىڭ نەتىجىلىك ئەمىلىيىتى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرى بويىچە ۋاستىلىق ھالدا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەل تەتقىقاتچىلىرى ئۈچۈن يېڭى يول ئېچىپ بەردى ۋە ئۇلارنىڭ بەس-بەستە قوللىنىشى بىلەن ئاقىۋەت ھەرقايسى ئەل ئىنسان ئىلمى تەتقىقاتچىلىرى ئورتاق قوللىنىدىغان كەم بولسا بولمايدىغان ئۇسۇلغا ئايلاندى.

ئەمما كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى بۇ خىل تەكشۈرۈش ئىلمىنى ئۇلۇق ئالىم مەھمۇد قەشقىرى 11-ئەسىردە، يەنى غەرب ئىلىم دۇنياسىدىن 8 ئەسىر بۇرۇن ئىلىم ساھەسىگە ئېلىپ كىرگەن. ئۇ تىل تەكشۈرۈش نۇقتىسىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى 20 نەچچە تۈرك قەبىلىلىرى ئىچىدە 10 نەچچە يىل دالا تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان ۋە تىل تەتقىقاتى نۇقتىسىدىن شۇ قەبىلە رايونلارغا مۇناسىۋەتلىك تارىخ، ئەدەبىيات، ئېتنوگىرافىيە، جۇغراپىيە ئىلىملىرىگە ئائىت نۇرغۇن ماتېرىياللارنى توپلاپ، ئۇنىڭدىن تىل تەتقىقاتىدا ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان، شۇ سەۋەبتىن مەھمۇد قەشقىرىنى ئىلىم ساھەسىدە ئەمەلىي تەكشۈرۈش ئىلمىنىڭ بوۋىسى دېيىشكە بولىدۇ.

دالا تەكشۈرۈش ئىلمى ھازىرقى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تەتقىقاتىدىكى بىر ئىنتايىن ئاجىز ھالقا بولۇپ، بۇ ئۇسۇلنىڭ قوللىنىشى نۇۋەتتىكى تەتقىقات ئىشلىرىمىزدا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

# توي - توكۇن ۋە كەچلىك بەزمىلەر ھەققىدە

مەھمۇد زەيدى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى ئەدەبىيات تەتقىقات ئورنى

«تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى خاتىرىلەردىن يىگىت-قىزلارنىڭ نىكاھ مۇراسىملىرى تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. «دىۋان» دا ناغرا، سۇناي ۋە باشقا چالغۇ ناملىرى بېرىلگەن. «دىۋان» دا سودا خاراكتېرىدىكى نىكاھ ئىشلىرىنىڭ ئورنىنى تويلۇق تەييارلىقى ئاساسىدىكى ئەلچىلەر ئارا بولىدىغان نىكاھ مۇناسىۋىتى كۆرسىتىلگەن.

«دىۋان» دا بېرىلگەن تويغا دائىر سۆزلەرنىڭ مەزمۇنىدىن يىگىت-قىزلارنىڭ تويلىرى ئاساسەن ھازىرقى يىگىت-قىزلارنىڭ تويى ئالدىدا ئەلچى ئارقىلىق كېلىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن بولىدىغان تويغا ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. «دىۋان» دا «ئەگەت» (يەڭگە)[1]، «سەب»[2] (قىز تەرەپتىن قىز چىقىرىدىغان ئائىلە ھازىرلايدىغان تويلۇق ئۆي جاھازىلىرى) ۋە «ئارۇقچى»[3] (ئەلچى) دېگەن ئاتالغۇلاردىن قاراخانىلار دەۋرىدە (850-1212-يىللار) نىكاھ ئىشلىرىدا ئۆزئارا كېلىشىپ، ئەلچىلەر ئارقىلىق بىرلىككە كېلىپ توي قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، توي كۆچۈرگەندە كېلىنگە ھەمراھ قىلىنىپ يەڭگە بىللە بارىدىكەن، يەنە، نىكاھ كېچىسى يىگىت ئۆز ھوجرىسىدا كېلىن قىزنىڭ بوينىغا ئالتۇن زەنجىرلىك بويۇن تۇمارنى (مىدالىئون) ئېسىپ قويىدىكەن. بۇنى «دىۋان» دا «بوغماق» دەپ كۆرسىتىدۇ («دىۋان» I توم، 610-بەت)

ھازىرقى زامان قىز-يىگىتلەر تويىدا كېلىننى ئوغۇل تەرەپكە كۆچۈرۈپ كەلگەندىن كېيىن، تويغا قاتناشقان يىگىت-قىزلار تويى بولغان بىر جۈپ ئوغۇل-قىزنىڭ باش ئۈستىگە چاچقۇلار چېچىپ بەزمە قىلىدۇ. توي قىزىپ قىقاس-چوقانلار ئەۋجىگە چىقىدۇ. بۇ ھەقتە «دىۋان» دا «مەندۈرى» سۆزىگە: كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن باشلىرىدىن چاچقۇ چېچىلىدىغان كىچىك بەزمە، دەپ چۈشەندۈرگەن. («دىۋان» I توم، 641-بەت)

توي بولغان ئائىلىدە ھوجرا ئىچىدە چىمىلدىق قويۇلغان بولىدۇ، كۆچۈرۈپ كېلىنگەن قىز يەڭگىسى بىلەن شۇ چىمىلداقنى دالدا قىلىپ ئولتۇرىدۇ. بۇ ھەقتە دىۋاندا «مەندەرۇ» دېگەن سۆزنى: چىمىلداق، يىپەك رەختتىن ئىشلەنگەن كۇشۇگە، بۇنىڭ ئىچىدە كېلىن قىز ئولتۇرىدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ. («دىۋان» I توم، 685-بەت). پەرەز قىلىشقا بولىدۇكى،

①

③ : «دىۋان» I توم، 72-، 191-، 418-بەتلەر.

مىڭ يىللار ئىلگىرىكى ئۇيغۇر ئوغۇل-قىزلىرىنىڭ ئۆزئارا ئەلچىلەر ئەۋەتىشىپ بىرلىككە كەلگەندىن كېيىن توي قىلىشلىرى ۋە كۈيئوغۇل بىلەن كېلىن قىزنىڭ بېشىدىن چاچقۇلار چېچىشلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان كەچلىك بەزمىلەر ھازىرقى كۈندە قىلىنىۋاتقان تويلاردىمۇ داۋام قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ تۇرمۇش مەدەنىيىتىدىكى ئوخشاشلىقنىڭ ئىنكاسى ئەمەسمۇ.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنگە دائىر رىۋايەتلەر ۋە ئۇنىڭ مەنبەسى توغرىسىدا

مېھرىئاي مەمتىلى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق بۈيۈك ئەسىرىدە بەزى سۆز-ئاتالغۇلارنى ئىزاھلاش يۈزىسىدىن شەرق خەلقلىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر، تۈركىي خەلقلىرى ئەدەبىياتىغا كەڭ تارقالغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تىلغا ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا مەھمۇد قەشقىرى يەنە «ئۇيغۇر» ، «چىگىل» ، «تۈركمەن» قاتارلىق مىللەت، قەبىلە ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى «ئالتۇنقان» قاتارلىق يەر ناملىرىنىڭ پەيدا بولۇشىنى ۋە «تۇتماچ» قاتارلىق تائاملارنىڭ كەشىپ قىلىنىشىنى بىۋاستە ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىننىڭ ھەربىي يۈرۈشلىرىگە باغلاپ چۈشەندۈرىدۇ. شۇنىڭدەك زۇلقەرنەيىن بىلەن ئۇيغۇر خاقانى «شۇ» ئوتتۇرىسىدىكى ئۇرۇشنى ۋە سۈلھى تۈزۈشكەن ئەھۋاللارنى ھەمدە ئىسكەندەرنىڭ بىرقانچە ئۇيغۇر شەھەرلىرىنى بىنا قىلغانلىقى ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى تىلغا ئالىدۇ.

مەلۇمكى شەرق خەلقلىرى ئارىسىدا كەڭ تارقالغان ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن ھەققىدىكى رىۋايەت، قىسسەلەر يۇنان تارىخىدىكى ئالېكساندىر ماكېدونىسكى (مىلادىدىن بۇرۇنقى 356 -يىلدىن مىلادىدىن بۇرۇنقى 323-يىللار) نىڭ شەرققە يۈرۈش قىلىشى بىلەن بىۋاستە باغلىنىدۇ. شەرقتىكى ھەر مىللەت خەلقى جۈملىدىن ئەرەبلەر، پارسلار، ھىندىلار، تۈركلەر، ئافغانلار، تاجىكلار ۋە ئۇيغۇرلارنىڭ ئاغزاكى ۋە يازما ئەدەبىياتىدا ئۇ «ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىن» ، «ئىسكەندەر رۇمى» ، «ئىسكەندەر مەقدۇن» ناملىرى بىلەن مەشھۇردۇر.

ئىسكەندەر ھەققىدىكى دەسلەپكى خاتىرىلەر يۇنان تارىخچىلىرىدىن كاللىبىسفىن (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 115-175) ، پلۇتارىخ (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 46-126) قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئۇچرايدۇ.

مىلادى 7-ئەسىرگە كەلگەندە، ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس دەستۇرى — «قۇرئان» دا ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ نامى تىلغا ئېلىنىدۇ. «قۇرئان» نىڭ 18-پارە 82-ئايەتتىن 97-ئايەتكىچە بولغان ئارىلىقتا زۇلقەرنەيىنىڭ بەدەۋى قەۋم يەجۇجى-مەجۇجىلەرنىڭ يولىنى توسۇش ئۈچۈن ئىككى تاغ ئارىسىغا سېپىل سالدۇرغانلىقى ھەققىدىكى ۋەقەلىك بايان قىلىنىدۇ. شۇندىن باشلاپ تارىختىكى ئالېكساندىر بىلەن ئىسلام رىۋايەتلىرىدىكى ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ ۋەقەلىكلىرى ئۆزئارا يۇغۇرۇلۇپ كېتىدۇ ۋە ئىران، ئوتتۇرا ئاسىيا، شىمالىي ھىندىستان، ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ رايونلىرىغا قەدەر كەڭ تارقىلىدۇ. 9-، 10-ئەسىرلەرگە كەلگەندە ئەرەب تارىخچىلىرىدىن تەبەرى، بەيامى قاتارلىقلار ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى يازما خاتىرىگە ئالىدۇ. بولۇپمۇ پارس شائىرى ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى ئۆزىنىڭ 10-ئەسىردە يازغان «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىدە ئىسكەندەر ئوبرازىنى تۇنجى قېتىم يازما ئەدەبىياتقا ئېلىپ كىرىدۇ. شۇندىن باشلاپ ئىسكەندەر ھەققىدىكى رىۋايەتلەر شەرقتىكى ھەرقايسى ئەل خەلقلىرىنىڭ ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس تېمىغا ئايلىنىدۇ. بولۇپمۇ نىزامى گەنجىۋى ئۆز «خەمسە» سىنىڭ 5-داستانى بولغان «ئىسكەندەرنامە» دە ئىسكەندەر ئوبرازىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يارىتىپ، شەرقچە ئوتوپىك جەمئىيەت غايىسىنى ئوتتۇرىغا قويغاندىن كېيىن، شەرقتىكى كۆپلىگەن ئەدىپلەر ئۇنىڭغا بەس-بەس بىلەن «نەزىرە» لەر يېزىشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئەمىر خىسراۋ دېھلىۋىنىڭ «ئايىنەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر ئەينىكى)، ئابدۇراخمان جامىنىڭ «خىرەدنامەئى ئىسكەندەر» (ئىسكەندەر پاراسىتى) قاتارلىق داستانلىرى زور شۆھرەت قازانغان.

15-ئەسىرگە كەلگەندە تۈركىي خەلقلەرنىڭ بۈيۈك مۇتەپەككۇرى ۋە شائىرى ناۋائى ئالدىنقىلارنىڭ ئىجادىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىدىن ئىلھاملىنىپ تۈركىي تىلدا تۇنجى «خەمسە» نى يازدى. ناۋائى ئۆز خەمسەسىنىڭ 5-داستانى «سەددى ئىسكەندەر» دە پارس كلاسسىكلىرىنىڭ بەدىئىي ئىجادىيەتتىكى ئەنئەنىلىرىنى قوبۇل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا تېخىمۇ مۇھىمى ئەسەرگە تۈركىي سىيۇژېتلىرىنى قوشتى ۋە ناھايىتى زور دەرىجىدە تۈركىيلەشتۈردى. بىز بۇ نۇقتىنى ناۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» داستانىدىكى ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى ئوتتۇرىسىدا يۈز بەرگەن ۋەقەلەردىن مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا خاتىرىلەنگەن ئىسكەندەر بىلەن چىن خاقانى «شۇ» ئوتتۇرىسىدىكى سۈلھى تۈزۈشكە دائىر رىۋايەتلەردىكى زور ئورتاقچىلىقتىن چوڭقۇر ھېس قىلالايمىز.

ناۋائى ئۆز داستانىدا ئىسكەندەر ئوبرازىنى يارىتىشتا خېلى زور دەرىجىدە مەھمۇد قەشقىرى تەمىنلىگەن ئىسكەندەر ھەققىدىكى تۈركىيلەشكەن رىۋايەتلەر ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلغان. ئۇندىن باشقا ناۋائى يەنە بۇ داستانىدا نىزامىغا ئوخشاش «پادىشاھسىز غايىۋى جەمئىيەت» ئىدىيالىنى ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدىكىگە ئوخشاش دۆلەتكە «ئادالەتلىك، بىلىملىك پادىشاھ ھۆكۈمرانلىق قىلغان» رېئال

جەمئىيەت غايىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بۇ نوقتىدىن ناۋائى خۇددى رۇس ئالىمى بېرتېلىس ئېيتقاندەك نىزامىغا ئەمەس، بەلكى يۈسۈپ خاس ھاجىپقا يېقىنلىشىدۇ.

ناۋائىدىن كېيىن ئورغۇنلىغان كلاسسىك شائىرلىرىمىز ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىدە ياكى كۆپ ياكى ئاز ھالدا ئىسكەندەرگە دائىر مىسرالارنى يېزىشتى. بەزىلىرى مەخسۇس «ئىسكەندەرنامە»لەرنى يېزىشتى. خەلق ئېغىز ئەدەبىيات مىراسلىرىدا ئىسكەندەر ئادىل پادىشاھ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا چىقتى.

قىسقىسى، مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىن باشلاپ تۈركىيلىشىشكە باشلىغان ئىسكەندەر ھەققىدىكى سيۈژېتلار رابغۇزىنىڭ «قىسسەسئۇل ئەنبىيا» ئەسىرى ئارقىلىق ئەدەبىياتىمىزغا تېخىمۇ چوڭقۇر يىلتىز تارتتى.

15-ئەسىردىكى ناۋائىنىڭ «سەددى ئىسكەندەر» ناملىق داستانى ئىسكەندەر ئوبرازىنى تۈركىي ئەدەبىياتىدىكى ئۆلمەس تىپقا ئايلاندۇردى.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «تابغاچ» ئاتالغۇسىغا ئېنىقلىما

مۇختار مامۇت

شىنجاڭ نەشرىياتى ئۇيغۇر بۆلۈمى

«تابغاچ» ئاتالغۇسى ئۇزۇندىن بېرى ئېلان قىلىنىپ كېلىۋاتقان تەتقىقات ماقالىلىرى ۋە نەشرىدىن چىقىۋاتقان تارىخىي كىتابلاردا كۆپ ئۇچراپ كېلىۋاتىدۇ. مەيلى ئېلىمىز ئاپتورلىرى بولسۇن ياكى چەت ئەل ئاپتورلىرى بولسۇن، ھەممىسىنىڭ دېگۈدەك «تابغاچ» دېگەن نامغا بەرگەن ئىزاھى ئاساسەن دېگۈدەك مەھمۇد قەشقىرىنىڭ بۈيۈك قامۇسى «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا بېرىلگەن ئىزاھنى چۆرىدىگەن ھالدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى «چىن»نى كۆرسىتىدۇ دېگەن قارىشى تولاراق قوللىنىلىپ، تاڭ سۇلالىسىنى كۆرسىتىپ كېلىۋاتىدۇ.

مەن بۇ ماقالىمدە «تابغاچ»لارنىڭ ئېتنىك مەنبەسىنى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «تابغاچ» دېگەن نام قانداق پەيدا بولغان؟ زادى كىمنى كۆرسىتىدۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدە ئىزدەنمەكچىمەن.

بۇ مەسىلىنى مەملىكىتىمىزدە ئەڭ نوپۇزلۇق ھېسابلىنىدىغان «سىخەي»، «سىيۈەن»، «جۇڭگو ئېنسىكلوپېدىيىسى»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «خەننامە»، «كېيىنكى خەننامە»، «شىمالىي سۇلالىلەر غوز فامىلىلىرى تەتقىقاتى» قاتارلىق 10 نەچچىدىن ئارتۇق كىتابلار ئارقىلىق «تابغاچلار»نىڭ سىيانپىي ئۇرۇقىدىن كېلىپ چىققانلىقى، سىيانپىلارنىڭ شەرقىي

ھون قوۋمىدىن بولۇپ، سىيانپى تېغىغا قېچىپ بېرىپ شۇ يەردە ئولتۇراقلاشقانلىقى ئۈچۈن سىيانپى دەپ ئاتىلىپ قالغانلىقى، كېيىن شىمالىي ھونلارنى يوقىتىپ، 100 مىڭ چېدىرلىق ھونلارنى ئۆزىگە قوشۇۋېلىپ سىيانپى دۆلىتى قۇرغانلىقى، دۆلەتنى 3 كە بۆلۈپ باشقۇرۇپ، سىيانپىلارنىڭ چوڭ ئۇرۇقى ھېسابلانغان «تابغاچ» غەربىي قىسمىنى باشقۇرۇپ تاكى ئالدى قوس خانلىقىغىچە ھۆكۈمرانلىق قىلغانلىقى، شىمالىي ۋېي سۇلالىسى دەۋرىدىمۇ پۈتكۈل غەربىي يۇرت بىلەن ئالاقە ئورنىتىپ تۇرغانلىقى، شىمالىي ۋېي دەۋرىدىلا كۆپ قىسىم «تابغاچلار» قائىقىل، تۈرك كېيىن ئۇيغۇرلار ئارىسىغا سىڭىپ كەتكەنلىكى، «تابغاچلار» ئىچىدە 3 قارلۇق قەبىلىسى بارلىقى، بۇلار ئاخىرى كېلىپ ئۇيغۇرلار بىلەن قوشۇلۇپ كېتىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسىنى قۇرغانلىقى؛ «تابغاچ» تىلىنىڭ تېپىك ئالتاي تىل سىستېمىسىدىكى «تۈركىي تىل» ئىكەنلىكىنى جۇڭگو مەنبەلىرى ۋە بىر قىسىم چەت ئەل مەنبەلىرىدىن پايدىلىنىپ بىرمۇ بىر، تولۇق ئىسپاتلاپ چىقىمەن.

# XI ئەسىردىكى تۈركىي تىللار ھەققىدە ئومۇمىي بايان

پەرھات جىلان

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تەتقىقات ئورنى

X ئەسىرنىڭ ئاخىرى ۋە XI ئەسىرنىڭ بېشىغا كەلگەندە بارلىق تۈركىي تىللار ئۇيغۇر-ئوغۇز، ئۇيغۇر- قارلۇق ۋە ئوغۇز- تۈركمەن دېگەنلەردىن ئىبارەت بولغان ئۈچ ئەدەبىي تىلغا مەركەزلەشتى. مەھمۇد قەشقىرىنىڭ «تۈركىي تىللار دىۋانى» ناملىق نادىر ئەسىرى ئەنە شۇنداق بىر ئالاھىدە تارىخىي شارائىتتا قاراخانىيلار سۇلالىسىدىكى ئۇيغۇر-قارلۇق ئورتاق تىلى مۇھىتىدا بارلىققا كەلگەن. بۇ يەردە شەرتلىك ھالدا «ئۇيغۇر-قارلۇق» دەپ ئاتىلىۋاتقىنى ئەينى دەۋردىكى قاراخانىيلار زېمىنلىرىنى ماكان قىلغان بارلىق تۈركىي خەلقلەرنىڭ تىللىرى ۋە شېۋىلىرىگە ۋەكىللىك قىلاتتى. دىۋان بارلىققا كەلگەن XI ئەسىردە قارلۇق قەبىلىلىرى جىددىي تۈردە ئۇيغۇرلارغا سىڭىشىپ كېتىۋاتقان ئېتنىك تەرەققىيات جەريانىدا بولۇپ، ئۇيغۇر-قارلۇق ئورتاق تىلى شەكىللەنگەنىدى.

قەشقەرنى مەركەز قىلغان خاقانىيە ئۆلكىسىنىڭ ئاساسلىق ئاھالىسى ياغما قەبىلىسى ئىدى. دىۋاندا «خاقانىيە تۈركچىسى» دەپ تونۇشتۇرۇلغىنى ۋە دەۋرىمىز ئالىملىرى «ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى» دەپ ئاتىغىنى ئاشۇ ياغما قەبىلىسىنىڭ شېۋىسىنى ئاساس قىلغان ئەدەبىي تىل ئىدى دېگەن كۆز قاراشنى توغرا دېيىش لازىم.

مەزكۇر ماقالىنىڭ ئاپتورى خاقانىيە تىلىنىڭ تەۋەلىك مەسىلىسىدىكى ياغما كۆز قارىشىنى توغرا، لېكىن تولۇق ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ. مۇنداق بىر پاكىتقا دىققەت قىلايلى، مەھمۇد قەشقىرى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: «تىللارنىڭ يېنىكى ئوغۇز تىلى، توغرىسى توخسى ۋە ياغما تىللىرى. . . » بۇنىڭدا «يېنىكى» ۋە «توغرىسى» دېگەن ئېنىقلىغۇچىلارغا دىققەت قىلىش كېرەك. «يېنىك» دېگىنى ئېھتىمال، تەلەپپۇز قىلىشقا ئاسان دېگەنلىكىنى بىلدۈرسە كېرەك. «توغرا» دېگىنى، شۈبھىسىزكى، ئەدەبىي تىل قائىدىلىرىگە ئۇيغۇن دېگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، توخسى ۋە ياما تىللىرىنى دىۋاندا ئىپادىلەنگەن تىلغا ۋەكىللىك قىلىدۇ دەپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ.

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى دىنىي ئېتىقادقا دائىر بايانلار توغرىسىدا

راززاق مەتنىياز

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى

11-ئەسىرنىڭ 70-يىللىرى دۇنياغا كەلگەن «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا، مەھمۇد قەشقىرى قاراخانىيلار تەۋەسىدە ياشىغۇچى ئۇيغۇر ۋە باشقا مىللەت، قەبىلىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقادىغا دائىر مول ماتېرىياللارنى خاتىرىلەپ قالدۇرغان. بۇ ماتېرىياللار ئىپتىدائىي ئېتىقاد، شامان دىنى، بۇددا دىنى، مانى دىنى، ئىسلام دىنى قاتارلىق دىن ۋە ئېتىقادقا مۇناسىۋەتلىك. ماقالىدا، بۇ مەزمۇنلار «ئىپتىدائىي ئېتىقادقا دائىر بايانلار توغرىسىدا» ، «شامان دىنى ئېتىقادىغا دائىر بايانلار توغرىسىدا» ، «بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنىي ئېتىقادقا دائىر بايانلار توغرىسىدا» ، «ئىسلام دىنىغا دائىر بايانلار توغرىسىدا» دېگەن تۆت بۆلەككە ئايرىپ كۆرسىتىلدى. «ئىپتىدائىي ئېتىقادقا دائىر بايانلار توغرىسىدا» ، دېگەن ماۋزۇدا «ئۇماي» ، «ئاباقى» ، «تۇڭا» قاتارلىق ئۈچ سۆزلەم ۋە مەھمۇد قەشقىرىنىڭ مۇشۇ ئۈچ سۆزلەمنى چۈشەندۈرۈش جەريانىدىكى بايانلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىپ تەھلىل يۈرگۈزۈلدى. شۇنىڭ بىلەن ئىپتىدائىي ئېتىقاد توغرىسىدىكى ئومۇمىي كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«شامان دىنىغا دائىر بايانلار توغرىسىدا» دېگەن بۆلەكتە «تەڭرى» ، «قام» ، «يات» ، «يەلۋى» ، «بايات» قاتارلىق سۆزلەملەر ۋە شۇ سۆزلەملەرنى ئىزاھلاش جەريانىدىكى بايانلار ئاساس قىلىنىپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى ۋە شامان دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدىكى كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلارغا دائىر بايانلار توغرىسىدا» دېگەن بۆلەكتە «نوم» ،

«تەڭرى» ، «تەڭرىكەن» ، «تويىن» ، «بۇرخان» ، «ياغىش» قاتارلىق سۆزلەملەر ۋە بۇ سۆزلەملەرگە ئائىت بايانلار ئاساس قىلىنىپ، مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى. بۇددا دىنىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى توغرىسىدا كۆزقاراش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇنىڭدىن باشقا، بۇ بۆلەكتە يەنە «ئىرىق» ، «ئۆرۈك» قاتارلىق سۆزلەملەر ۋە شۇ سۆزلەملەرگە ئائىت بايانلار ئاساس قىلىنىپ، مانى دىنى ھەققىدىكى كۆزقاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلدى. «بىتى» سۆزلىمى ئۈستىدە قىسقا مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، بۇ سۆزنىڭ «تەۋرات» قا ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

«ئىسلام دىنىغا دائىرى بايانلار توغرىسىدا» دېگەن بۆلەكتە «تەڭرى» ، «ئىگە» ، «يۈكۈنچ» ، «يالۋاچ» ، «چوماق» ، «ئۇچماق» ، «تۇمۇغ» ، «سۇلۇق» قاتارلىق سۆزلەملەر ۋە بۇ ھەقتىكى بايانلارنى ئاساس قىلىپ تەھلىل ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلدى، ھەمدە بۇ سۆزلەملەرنىڭ «قۇتادغۇ بىلىك» ئەسىرىدە ئىشلىتىلىش ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئىسلام دىنى ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ «دىۋان» دەۋرىدە يەنىلا ئەنئەنىۋى ئېتىقاد سۆز-ئىبارىلىرى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەنلىكى قەيت قىلىندى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇ خىل ئەھۋالنىڭ كېلىپ چىقىش سەۋەبلىرى ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

ئاخىرىدا، ئىپتىدائىي ئېتىقاد، شامان دىنى، بۇددا دىنى ۋە باشقا دىنلار، ئىسلام دىنى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەرگە ئاساسەن، ئېتىقاد ئىدىيە سىستېمىسىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالمىشىپ تۇرىدىغانلىقى، دىن ئالمىشىش جەريانىدا شۇ جەمئىيەت ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغانلىقى، دىن پەقەت ھۆكۈمرانلارنىڭ خەلقنى باشقۇرۇشتىكى بىر خىل قورال ئىكەنلىكى مۇئەييەنلەشتۈرۈلدى. ئىلىم-پەن تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ زۆرۈرىيەت ئالەمدىن ئەركىنلىك ئالىمىگە قاراپ يۈزلىنىشتىكى تارىخى مۇقەررەرلىكى كۆرسىتىلدى.

## «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى «ئوغۇزنامە» گە ئائىت مەلۇماتلار توغرىسىدا

تۇرسۇن ھوشۇر ئىدىقۇتى

شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى

«ئوغۇز داستانى» خەلق ئارىسىغا بىر قەدەر كەڭ تارقالغان قەھرىمانلىق مەدھىيىلەنگەن داستان. ئوغۇز داستانىنىڭ ھازىرغا قەدەر مەلۇم بولغان ۋارىيانتلىرى تەخمىنەن 10 چە بار. بۇ داستاننىڭ ۋارىيانتلىرى ئۇسلۇب جەھەتتىن نەزمى ئۇسلۇبتا، نەزمى ۋە نەسرىي ئارىلاش بولغان ئۇسلۇبتا ھەم نەسرىي ئۇسلۇبتا يېزىلغان. ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە ئوغۇزخاندىن ئىبارەت بىر شەخسنىڭ دۇنياغا كېلىشى، ئۆسۈپ يېتىلىشى، يۈرۈشلىرى، بەزى مىللەت-قەۋملەرگە

نام قويۇشى، قەۋملەر ئىشلەتكەن بەلگىلەر، ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى سۆزلەنگەن.

بۇ داستان تۇرلۇك تارىخىي دەۋرلەردە قەلەمگە ئېلىنغان بولغاچقا، ئۇنىڭغا قەلەمگە ئېلىنغان شۇ دەۋرنىڭ تامغىسى بېسىلغاندى. ئالايلۇق، هازىر فىرانسىيىنىڭ پارىژ شەھرىدىكى «پۇقرالار كىتابخانىسى» دا ساقلىنىۋاتقان قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان «ئوغۇزنامە» نى مىسالغا ئالساق، بۇ داستاندا ئۇيغۇرلارنىڭ شامانىزم ۋە تۇتېمچىلىق دەۋرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن. ئۇنىڭ ئەكسىچە بەزى ۋارىيانتلىرى بولسا پۈتۈنلەي ئىسلام دىنى نۇقتىسىدىن چىقىپ يېزىلغان. بۇ ھەقتە مەملىكەت ئىچى ھەم مەملىكەت سىرتىدىكى ئالىملار نۇرغۇن ئوبزور ۋە تەتقىقات ماقالىلىرى يېزىپ، ئوغۇزخاننى تارىختا ئۆتكەن قايسىبىر داڭلىق شەخسكە باغلاپ چۈشەندۈرمەكچى بولۇشقان بولسىمۇ، بىراق هازىرغا قەدەر بۇ قاراشلار بىرلىككە كېلىنگىنى يوق.

بۇ ماقالىدا، XI ئەسىردە ئۆتكەن ئۇلۇغ تىلشۇناس مەھمۇد قەشقىرى ئۆزىنىڭ ئېنسىكلوپېدىك ئەسىرى «تۈركىي تىللار دىۋانى» نى يېزىش جەريانىدا، ئۆز ئەسىرىگە كىرگۈزگەن «تۈرك خەلقلىرى ۋە قەبىلىلىرى توغرىسىدا» ، «ئوغۇز» ، «تۈركمەن» قاتارلىق قەبىلە ناملىرىنى ئىزاھلاش نۇقتىسىدىن بەرگەن مەلۇماتلارنى تەھلىل قىلىپ كۆرسەتكەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دىكى بايانلار بىلەن «ئوغۇز» داستانلىرىدىكى بايانلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىنى يەنى 1. نوھ ئەلەيھىسسالام ئوغۇزخاننىڭ ياكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ ئەجدادى ئىكەنلىكى، 2. ئوغۇزخاننىڭ نەۋرىلىرىنىڭ نامى ياكى ئوغۇز قەبىلىلىرىنىڭ نامىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، 3. قەبىلە ناملىرىنىڭ بولۇپمۇ «قالاچ» دېيىلىدىغان قەبىلىنىڭ ئېتىمولوگىيىسىنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى، 4. «تىلسىم ياكى ئالتۇن ئۆي» ھەققىدىكى مەزمۇننىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى كۆرۈپ ئالغىلى بولىدۇ. شۇلارغا ئاساسەن، «تۈركىي تىللار دىۋانى» دا مەخسۇس «ئوغۇزخان» ياكى «ئوغۇزنامە» ھەققىدە توختالمىغان بولسىمۇ، بىراق، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلارنىڭ ئوخشاپ كېتىدىغانلىقىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئۇلارنى «ئوغۇزنامىگە ئائىت مەلۇماتلار» دەپ ئالساق خاتا بولمايدۇ، دېگەن قاراشتىمەن.

# ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق مەدەنىيىتى توغرىسىدا بىر نەچچە ئېغىز سۆز

ئۇيغۇر سايرانى

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى

غەربىي يۇرتتا قوللىنىلىپ كېلىنگەن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى ئۇيغۇرلار ئۇيغۇر قاغانلىقى دەۋرىدىن ئىلگىرىلا قوللانغانىدى. بۇ يېزىق ئۇيغۇر ئىدىقۇت ئېلىنىڭمۇ دۆلەت يېزىقى بولۇپ، ئىلىم ساھەسىدە هازىرغىچە ئېيتىلىپ كېلىۋاتقان «قەدىمقى ئۇيغۇر يېزىقى»

ئىدى. غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلار دەسلەپ مانى دىنىغا، كېيىنچە بۇددا ۋە ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغانىدى. ئىسلام دىنى قەشقەرگە سىڭىپ كىرىپ، قاراخانىيلار سۇلالىسى ئىسلام دىنىنى مىلادى 960-يىلى دۆلەت دىنى دەپ ئېلان قىلغاندىن كېيىن قاراخانىيلار سۇلالىسى تېررىتورىيىسىدە قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى سىقىپ چىقىرىلىپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئەرەب ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېزىق ئاستا-ئاستا ئىگىلەشكە باشلىدى. شۇنداق قىلىپ بىر پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېرىمى قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىنى قوللاندى، يېرىمى ئەرەب يېزىقىنى قوللاندى.

ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلارنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسىنىڭ ناھايىتى قەدىمىي ئىكەنلىكىنى كۆرەلەيمىز. تارىخىي ماتېرىياللارغا قارىغاندا، بۇ مەنبەرلەر رۇنىك يېزىقىغا ئاساس بولغانىدى ۋە بۇ يېزىقلار داۋاملىق ئىسلاھ قىلىنىپ، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى شەكلىدە قوللىنىلغانىدى.

يېقىنقى نەچچە ئون يىللار مابەينىدە ئالىملار تارىختا ئۇيغۇرلار قوللانغان يېزىقلارنىڭ كېلىپ چىقىشى مەسىلىلىرى توغرىسىدا تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ئېلان قىلدى. بۇ تەتقىقات نەتىجىلىرى بىزنىڭ بۇ ھەقتە ئىزدىنىشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ. بۇ ماقالىدا تىلشۇناس ۋە تارىخشۇناس ئالىملارنىڭ ئۇيغۇرلانىڭ تارىختا قوللانغان يېزىقلىرى ۋە ئۇنىڭ تارقىلىش دائىرىسى، يېشىلىشى، شۇنداقلا بۇ يېزىقلارنىڭ مەنبەئى توغرىسىدىكى قاراشلار ھەققىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرى تونۇشتۇرۇلىدۇ.

ئومۇمەن غەربىي يۇرتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى 9-13-ئەسىرلەردە زور دەرىجىدە يۈكسەلدى. بۇ چاغلاردا جاھانغا تونۇلغان ئالىملار يېتىشىپ چىقتى. مانا بۇ دەۋردە دىنىي ئايرىملىقلارنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۆز دەۋرىگە نىسبەتەن يۈكسەك سەۋىيىگە ئىگە بىر پۈتۈن ئۇيغۇر مەدەنىيىتى ۋۇجۇدقا كەلدى ۋە بۇ مەدەنىيەت مۇشۇ رايوندا ياشايدىغان باشقا خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن قويۇق ئارىلىشىش نەتىجىسىدە تەرەققىي قىلدى ۋە غەربتىكى ھىند ياۋروپا— ئىران تىللىق سوغدلار بىلەن شەرقتىكى جۇڭگولۇقلار ئوتتۇرىسىدا مەدەنىيەت-ئەدەبىيات ساھەسىدە ۋاستىچىلىك رولىنى ئوينىدى. غەربىي يۇرتتىكى مەدەنىيەت تەرەققىياتىنىڭ جەريانى جۇڭگودىكى چوڭ-چوڭ مىللەتلەر، ئەرەب، يونان، ھىندىستان، ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنىڭ مۇئەييەن تەسىرى ئاستىدا راۋاجلاندى.

## ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىيات كەسپىدە دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن تەتقىقاتچىلارنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

### 1. مۇنەۋۋەر ھېبىبۇللانىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

مۇنەۋۋەر ھەبىبۇللا، 1978—1982-يىللىرى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىدە ئوقۇغان، ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەكتەپتە قېلىپ ھازىرغىچە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان.

ئۇ 1984-يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل-ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىنىڭ ئۇيغۇر تىل-ئەدەبىياتى كەسپىگە ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇشقا كىرىپ، پرافېسسور خەمىت تۆمۈر ۋە لى سېڭنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغان. 1988-يىلى تىل-ئەدەبىيات بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىنى ئالغان. ئۇنىڭ ماگىستىرلىق ئۇنۋانى ئۈچۈن يازغان ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تېمىسى ”پېئىللار بىلەن ئىسىمنىڭ كېلىشلىرى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت جەھەتتىن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنىڭ تۈرگە ئايرىلىشى“ بولۇپ، بۇ ئىلمىي ماقالىدا ئۇ پۈتۈنلەي يېڭى كۆزىتىش نۇقتىسىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى پېئىللارنى تۈرگە ئايرىپ تەتقىق قىلغان. مۇنداق تۈرگە ئايرىش گرامماتىكا نەزەرىيىسى، تىل ئوقۇتۇشى، لۇغەت تۈزۈش، تەرجىمىنى ماشىنىلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە مۇئەييەن نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئۇ 1994-يىلى ئىمتىھان ئارقىلىق تۈركىي تىل-ئەدەبىياتى بويىچە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن ئوقۇشقا كىرىپ، پرافېسسور خۇ جېنخۇانىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغان ۋە 1998-يىلى دوكتورلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. ئۇنىڭ ئىلمىي ئۇنۋان ئۈچۈن يازغان ئىلمىي ماقالىسىنىڭ تېمىسى ”سالار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات“ بولۇپ، ئۇ ئىلمىي ماقالىنى يېزىش ۋە كېيىنكى تۈركىي تىللار ۋە مەدەنىيەتلىرىنىڭ ئوقۇتۇشى ۋە تەتقىقاتى ئۈچۈن بىرىنچى قول ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن، 1996-يىلىنىڭ ئاخىرلىرىدا چىڭخەي ئۆلكىسىنىڭ شۈنخۇا سالار ئاپتونوم ناھىيىسىگە بېرىپ ئىككى ئاي دالا تەكشۈرۈشى ئېلىپ بارغان. 1997-يىلى يەنە تۈركمەنىستانغا بېرىپ بەش ئاي تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. بۇ تەكشۈرۈشلەر ئاساسىدا ئۇ دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئۈچۈن يازماقچى بولغان ئىلمىي ماقالىسى ”سالار تىلى ئۈستىدە تەتقىقات“نى تاماملىغان.

